شىنجاڭ

# پارتىيە تۇرمۇشى

新疆支部生活

ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات ، تەشۋىقات بۆلۈملىرى باشقۇرىدۇ



ISSN 1002-9451

04>

9 771002 945002

2003/4

# بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش




2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ ۋاقتى
سائەت 10 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات
ناھىيىلىرىدە 6.8 بال يەر تەۋرەپ ئېغىر ھالدىكى ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش،
مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچراش ئاپىتى يۈز بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومە-
تېتى، گوۋۇيۈەن ئاپەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن
كېيىن، ئالاقىدار تەرەپلەرگە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇ-
رۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى
قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپەت رايونىغا ياردەم بې-
رىشكە سەپەرۋەرلىك قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قوراللىق
ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، دۆلەت يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدا-
رىسى قۇتقۇزۇش ئەترىتى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى، ئىشلەپچىقىرىش -
قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قاتارلىق ئورۇنلار 6000 دىن ئارتۇق خادىمنى ئاپەت رايو-
نىغا ئەۋەتتى. ئاپەت رايونىدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى،
ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر
ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مۈرىنى - مۈرىگە
تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي ئاممىنى
قۇتقۇزۇشى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇلار
بىردەك «كومپارتىيە بىزنى يەنە بىر قېتىم ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى» دەپ
مەدھىيە ئوقۇشتى.

ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش
ئۈچۈن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يەتكۈزۈلگەن ئىئانە بۇيۇملى-
رى ئاممىغا ئۆز ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىلدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما چېدىر،
يېمەكلىك، يوتقان - كۆرپە، دورا قاتارلىق بۇيۇملارغا ئېرىشتى، ئاممىنىڭ
ئىسسىنىش، يېمەكلىك مەسىلىسى كاپا-
لەتكە ئىگە قىلىندى، تېلېگراف، قاتناش،
توك بىلەن تەمىنلەش ئەسلىگە كەلتۈرۈل-
دى، مەكتەپلەردە ئوقۇش ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈلدى.

قۇدرەت مىجىت، لى ياڭ، لى پېيفىڭ
لۇمىنىيلار خەۋىرى ۋە فوتوسى



▲ ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى يوقلىدى.




▲ كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قىزغىنلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلماقتا.

◀ سۇ بىلەن تەمىنلەش مۇنارى





▲ ئەسكەرلەر چېدىر تىكمەكتە



▲ ئامما ئۈچۈن تىكىلگەن چېدىرلار

# «ئىككى بولسۇن»دا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلايلى

**ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى**

يولداش خۇ جىنتاۋ شىبەيپودا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «ئىككى بولسۇن» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى قايتا ئۆگىنىشى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى قايتا ئۆگىنىشى لازىم دەپ تەكىتلىدى. يېڭى ۋەزىيەتتە «ئىككى بولسۇن»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، 16 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئىككى بولسۇن» ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن. لېكىن ئۇ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ، مۇھىت، شارائىت، ۋەزىپىلەردە غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان بۈگۈنكىدەك يېڭى تارىخىي شارائىتقا كەلگەندىمۇ، يەنىلا ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېڭى ۋە بۇرچ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېڭى خىرىسلارنى كۈتۈۋېلىپ، يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ھازىر خەلقئارا رىقابەت كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىساد يەر شارىلىشىش، دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بىر سەزگۈر مىللەت خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلاپ قويۇشى، پىشىپ يېتىلگەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى بىر پارتىيە تېخىمۇ «سۇ كەلگىچە توغان تۇتۇش»ى كېرەك. كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار «ئىككى بولسۇن»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن خەلق ئاممىسى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككى بولسۇن»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشى، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى، جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىشى، ئىسلاھات روھى بىلەن ئۆزىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ چىقىشقا تىرىشىشى لازىم.

# شنجاڭ ياپچىكا





ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرى باشقۇرىدۇ
«شىنجاڭ ياپچىكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدۇ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: تۇرنان قاسىم
نۆۋەتچى مۇھەررىر: زۇلپىيە تېلېفون: 2391829

2003 ـ يىل 4 ـ سان


## مۇھىم ھۆججەت، مۇھىم ئىشلار


10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا رەئىس خۇ جىنتاۋنىڭ سۆزلىگەن سۆزى .................................................... 4

دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك ........................ ۋاڭ لېچۈەن 6


## پارتىيە قۇرۇلۇشى


پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ بەش تەلىپى .......... 11


## ئۆگىنىش يېتەكچىسى


16 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى ئاساسىي بىلىملەرگە دائىر سوئال ـ جاۋابلار .............................. 14


## پارتىيە دەرسى


ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۈرەش نىشانىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا ئىگىلەش كېرەك ..................................................... ت. قاسىم 16


## مەخسۇس ماقالە


مېھىر ـ شەپقەت ئۇنتۇلمايدۇ.................................................... ق. مىجىت 20


## گۈل ۋە ئىگەن


ماتارىپنى قوللاشتىكى ئۈلگىلىك كەنت (ئالتە پارچە) .............................................. 26


## دەۋرىمىز ئاۋانگارتلىرى


مېيىپلەر قەلبىدىكى «ھاتەم» ........................................................ ئا. قاۋۇل 28


## ئاتالغۇلارغا ئىزاھات


16 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات ................................................ 30



# تۇرمۇش


مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 830003
ئىچكى بەتلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
(ئومۇمىي 471 ـ سان)



**تەشكىلات خىزمىتى**

كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە توغرا باھا بېرىش كېرەك ........................ غ. ھەسەن 32

**مەنىۋى مەدەنىيلىك تۈزۈلۈشى**

16 ـ قۇرۇلتاي روھىنى يېتەكچى قىلىپ، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلايلى ........................................................ م. كامىل 34

**پاكلىق تۈزۈلۈشى**

شان ـ شەرەپنى كىشىلەر ئۆزى يارىتىدۇ ........................................ ر. رۇسۇل 37

**يۈگۈنكى دۇنيا**

قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش — پۈتۈن يەر شارىدىكى باش قاتۇرىدىغان قىيىن مەسىلە ... بيەن جى 39

**كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە**

«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ پانئىسلامىزم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................................................ ئە. ئېلى 42

**بېيىش دەستۇرى**

قوينى دورا بىلەن ئىلمىي يۇيۇندۇرۇش (ئىككى پارچە) ........................................ 45

**ئىلىم - پەن بىلىملىرى**

كېپىنەك بىلەن پەرۋانىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك ........................................ 47

**مىللەت ۋە دىن**

دىنغا دائىر بىلىملەر ........................................................ 48


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: كارىز ........................................ **يالقۇن ھابىل فوتوسى**

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى **ئابلىمىت تۇرسۇن، مۇختەر ئەپىرى** سىزغان

## 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا

# رەئىس خۇجىنتاۋنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

ۋەكىللەر:

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي مېنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى، مەن ۋەكىللەر ۋە مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنگەنلىكىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

دۆلەت رەئىسلىكىدىن ئىبارەت بۈيۈك ۋەزىپىنى زىممەمگە ئالغانلىقىم ئۈچۈن بۇرچۇمنىڭ شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتىمنىڭ زور ئىكەنلىكى ماڭا ناھايىتى ئايان. مەن چوقۇم ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن خىزمەت مەسئۇلىيىتىمنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ۋەزىپەمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئورۇنداپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، ۋەكىللەر ۋە مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ئورۇندايمەن.

يولداش جياڭ زېمىن دۆلەت رەئىسى بولغان ئون يىلدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەزىيەتنى ئوبدان ئىگىلەيدىغان رەھبەرلىك تالانتى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان سىياسىي جاسارىتى ۋە غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرىدىغان خىزمەت روھى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ، مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلىشى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ بولۇپمۇ پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئىجاد قىلغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ھەم چوڭقۇر يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز يولداش جياڭ زېمىنغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

بىز ـــ يېڭى بىر نۆۋەتلىك دۆلەت ئاپپاراتى خىزمەتچىلىرى خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ بولۇۋاتقان، كۆپ ئۆزگىرىۋاتقان، مەملىكەت ئىچىدىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى مۇشەققەتلىك، ئېغىر بولۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق، خەلق تاپشۇرغان مۇقەددەس مەسئۇلىيىتىمىزنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئورۇنداشقا چوقۇم تىرىشىمىز:

1. دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى بىلەن دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈم ۋە پرىنسىپىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بىرلىكى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدايمىز.

2. ۋەتەنگە سادىق بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىپ، كۆڭۈل رىشتىمىزنى خەلققە باغلاپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ چاكىرى بولىمىز.

3. ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىزدىكى پېشقەدەم رەھبەرلەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، مەڭگۈ قانائەتلەنمەي ۋە بوشاشماي قالماي، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا باسىمىز.

4. ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك بولۇپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن قېتىرقىنىپ تىرىشىپ ئىشلەيمىز.

مەن ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋەكىللەر ۋە مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نازارىتىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز.

ۋەكىللەر، 5000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى نۇرغۇن ئەگرى- توقايلىقلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ياراتتى، ھاقارەت ۋە ئازاب- ئوقۇبەتلەرگىمۇ ئۇچرىدى. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، سان-ساناقسىز ۋەتەنپەرۋەر ئىرادىلىك زاتلار ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭخۇا ئېلىنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەيسىرانە تىرىشىشى ئارقىلىق، جۇڭگو زېمىنىدا يەر- جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان زور تارىخىي ئۆزگىرىش بولدى. ھازىر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز گۈللەپ ياشنىماقتا، تەرەققىيات ئىستىقبالىمىز چەكسىز گۈزەل. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى دۇنيا خەلقىگە: پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا يۈكسەلدۈرۈش—تارىخ ۋە دەۋر بىزگە يۈكلىگەن ئالىيجاناب ۋەزىپە.

دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتا. بىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 20 يىلىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن تەرەققىياتنى كۆزلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانىنى كۆزلەپ قەتئىي ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

ۋەتەننى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈش—مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە خادىملار بېرىش- كېلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، تەيۋەن مەسىلىسىنى بالدۇرراق ھەل قىلىش، ۋەتەننى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىمىز.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى تىنچلىقپەرۋەر. بىز مۇستەقىل، ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ، بارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق- ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئادىل، مۇۋاپىق خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئالىيجاناب ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرىمىز.

ۋەكىللەر، 1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يولداش ماۋزېدۇڭ 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىزنىڭ بارلىق جاپا- مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، دۆلىتىمىزنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىشەنچىمىز كامىل.» بىز بۇ شانلىق نىشان بويىچە ئۇلۇق قەدەم تاشلىدۇق، تېخىمۇ ئۇلۇق قەدەم تاشلايمىز. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئۆزىمىزنى توختىماي قۇدرەت تاپقۇزۇپ، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىدىغانلا بولساق، زامانىۋىلىشىش شانلىق نىشانىغا چوقۇم يېتىمىز. جۇڭگولۇقلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئارزۇ قىلىپ كەلگەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوقۇم تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايدۇ!

# دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

ۋاڭ لېچۈەن

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ھالقىسى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇشتا. 16 ـ قۇرۇلتايدا: پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ،ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش پارتىيىمىزنىڭ ئىلغارلىقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئىجادكارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ماركسىزم: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ كۈچ، دەپ قارايدۇ. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاپ قېلىشتا، ئەڭ ئاساسلىقى، دۇنيادىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى سەگەكلىك بىلەن ئىگىلەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، تەرەققىياتنى پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك.بىزنىڭ تەشكىلات خىزمىتىمىز مۇشۇ ئاساسىي تېمىنى زىچ چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى، بىلىم سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ماھارىتى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك.

يېڭى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. بۇمۇ كادىرلار خىزمىتىمىزدە بىر مۇھىم يېتەكچى قىلىنىشى كېرەك. ھازىر، بىز تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش، ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، پەن ـ تېخنىكا كۈندىن ـ كۈنگە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ، تۈرلۈك يېڭى شەيئىلەر، يېڭى بىلىملەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ، يېڭى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنمىگەندە، ئەسلىدە تونۇش بولغان ساھەلەرمۇ يات بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئەسلىدىكى كەسىپ ئەھلىلىرىمۇ كەسىپنى ئانچە بىلمەيدىغان، ھەتتا پۈتۈنلەي بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى بىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىمىزنىڭ تېخىمۇ قويۇقلىشىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە خەلقئارا چوڭ رىقابەتكە تېخىمۇ چوڭقۇر ئارىلىشىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز بىلمەيدىغان، بىزگە تونۇش بولمىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ، چوقۇم ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىدىكى بەزى قائىدىلەرنى پىششىق ئىگىلىشىمىز، قانۇنىيەتكە ماسلىشىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز. رەھبىرىي كادىرلار ئۆگەنمىسە، خىزمەتكە ياخشى رەھبەرلىك قىلالمايدۇ، رەھبەرلىك سالاھىيىتى بولمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى، خىزمەتتە يېڭىلىق ياراتقان، ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان رەھبىرىي كادىرلار، شۈبھىسىزكى، ئۆگىنىشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆگىنىشكە

ماھىر رەھبىرىي كادىرلاردۇر. ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش ياخشى رەھبىرىي كادىر بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى، شۇنداقلا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى دەسمايىسى، يولداش خۇ جىنتاۋ بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە: ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، ھازىر جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى جەھەتلەرنىڭ تەرەققىياتى كۈنساناپ يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىجادىيەتلىرى ناھايىتى مول، ئۆگىنىش قىلمىغاندا، ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرمىغاندا، ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنمىگەندە چوقۇم سەپتىن چۈشۈپ قالىمىز، چوقۇم زىممىمىزدىكى مۇھىم مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالىمىز، دەپ تەكىتلىدى. لاياقەتلىك رەھبەر ۋە باشقۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىمىز، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياراتقان مول بىلىملەر بىلەن ئۆزىمىزنى تولۇقلىشىمىز لازىم. كەڭ كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىشى، ئۆگىنىشى يەنە ئۆگىنىشى كېرەك. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ ئاساسلىقى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ پرىنسىپچانلىقى، سىستېمىلىقلىقى، ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخ، قانۇن، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىش، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا دائىر ئىلغار تەجرىبىلەرنى، بۈگۈنكى دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ساپاسى، بىلىم سەۋىيىسى، كەسپىي ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، ئەخلاقلىق، بىلىملىك بولۇش ئۈچۈن، ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆگىنىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

نۆۋەتتە، ئەڭ گەۋدىلىكى شۇكى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىز 20 يىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتتى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بازار ئىگىلىكىگە رەھبەرلىك قىلىش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، جەزمەن بازار ئىگىلىكىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، بازار ئىگىلىكىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق بىلىشى، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىقتىسادىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلىشى، مەمۇرىي بۇيرۇققا تايىنىپ ئىقتىسادىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان كونا كۆز قاراش ۋە كونا ئۇسۇل ـ چارىلەرنى چۆرۈپ تاشلىشى كېرەك. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، زامانغا لايىق كەلمەيدىغان بارلىق كۆز قاراش ۋە ئۇسۇللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇزۇپ تاشلىشى كېرەك. ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى، مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەڭگۈ قانائەتلەنمەسلىكى، بوشاڭلىق قىلماسلىقى، يېڭى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشقا، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشقا، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك. كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم يول ۋە ئۇسۇل. نۆۋەتتە، بىز تەجرىبىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خۇلاسىلەپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ كادىرلارنى تەربىيىلەش، يۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى

ئىشلىشىمىز كېرەك. «يۇقىرى قاتلامنى ئىخچاملاش، ئاساسىي قاتلامنى تولۇقلاش» پرىنسىپى بويىچە يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى كۈچ سەرپ قىلىپ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنىكى نۇقتىلىق، چەت ـ يىراق يېزا ـ بازارلاردا يولغا قويۇلغان «4211» خىزمەت مېخانىزمىنى چىڭ تۇتۇپ ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ـ بازارلىق بەنزىلەرنىڭ ۋە كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىنى مېخانىزم جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ـ بازارلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى شىمالىي شىنجاڭغا ۋەزىپە بىلەن ئۆگىنىش، چېنىقىشقا ئەۋەتىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشى تۇتۇپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ۋەزىپە بىلەن ئۆگىنىش، چېنىقىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنىكى يېزا ـ بازارلاردا ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان خەنزۇ كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشى تۇتۇپ، سىياسىي ئۆگىنىش، كەسپىي ئۆگىنىش، ئازسانلىق مىللەتلەر تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغانلار، «بەش خىل ئۇنىۋېرسىتېت»نى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن كادىر قوبۇل قىلىپ، يېزا ـ بازار ئورگىنى كادىرلىرىنى تولۇقلاش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھەر خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ھەقىقىي غەيرەتكە كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نۇقتىلىق، چەت ـ يىراق يېزا ـ بازارلىرى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە خەنزۇ كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىش، ئۇلارنى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا زىچ بىرلىشىش، ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇ ئارقىلىق بىرىنچى سەپنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي يوسۇندا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز ھەر خىل شەكىلدىكى «قوش تىل» بويىچە تەربىيىلەش ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالساق بولمايدۇ، بۇنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنى جەزمەن قەتئىي بوشاشماي ئاداققىچە تۇتۇش لازىملىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى دەۋردە پەن ـ تېخنىكا كۈنسايىن يېڭىلىنىپ بېرىۋاتىدۇ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بازاردا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۈمەن خىل ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، ھەر خىل يېڭى بىلىم ياكى ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىغا دەل ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ كېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. تىل ـ يېزىق جەھەتتىكى توسالغۇ تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بۇ ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا تولۇق قوبۇل قىلالماي، زامانىۋى ئىگىلىك، پەن ـ تېخنىكا، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى بىلىملەرنى تازا دېگەندەك ياخشى ئىگىلىيەلمەيۋاتىدۇ. بۇ، مەيلى ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە بولسۇن ياكى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولسۇن، ھەممىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھازىر، ئوتتۇرا ـ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك بىر قەدەر تۆۋەن. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە پىششىق بىلىشى بىر تۈرلۈك ئىنتايىن تەخىرسىز ۋەزىپە بولۇپ، بۇ خىزمەتنى جەزمەن قەتئىي بوشاشماي داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇ كادىرلارمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

تىلىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيىدىن تۆۋەن رايونلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان خەنزۇ كادىرلار جەزمەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى ھەمدە ئىرىشىپ پىششىق ئۆگىنىشى شەرت. ئاساسىي قاتلامغا تاللاپ ئەۋەتىلىدىغان كادىرلار، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىيدىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى ئالدى بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش ئارقىلىق تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ھەر خىل كۆچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قوش يۆنىلىشلىك تىل ئۆگىنىدىغان، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىدىغان قويۇق كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش لازىم. 16 ـ قۇرۇلتايدا: مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى 20 يىلدا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىگە پايدا يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 2020 ـ يىلغا بارغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2000 ـ يىلدىكىدىن ئىككى قاتلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، 2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇش... يېرىم قاتلاش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز ھەم ناھايىتى زور بېسىم ۋە خىرىسقا، ھەم تەرەققىياتتا ياخشى پۇرسەت ۋە پايدىلىق شارائىتقا دۇچ كېلىمىز. بىز تەرەققىياتنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپە قىلىشتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىرىشىپ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇيىمىزنى ئىقتىساد تېز، ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلىدىغان رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. تەشكىلات خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش لازىم، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى كۆز قاراشنى كونكرېت ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىشكە تەتبىقلاش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق، ئون يىللىق، 20 يىللىق تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مۇلازىمەت كەسپى، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى پىششىق بىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىگە، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بازار ئىگىلىكىنى ئىدارە قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشقا مۇھتاج. ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى مەسىلىلەرنى تەشكىلات خىزمىتى نۇقتىسىدىن ھەل قىلىشى، بولۇپمۇ، كادىرلارنى تاللاش، ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش مەسىلىسىدە، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پەيتنى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى ـ ئىختىساس ئىگىلىرى. ھازىرقى دەۋردە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات رىقابىتى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابىتىدۇر. كىم ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ پايدىلىق ئورنىنى ئىگىلىسە، شۇ رىقابەتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەيدۇ. ئىختىساسلىقلار مەسىلىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر ھالقىلىق مەسىلە. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئادەمنى ئاساس قىلىپ، ئىختىساس ئىگىلىرى كۈچلۈك را-

يونلار ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ نەزەر - دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش، ئوبدان ئىشلىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، نۇقتىلىق ھالدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى يۇقىرى ساپالىق رەھبىرىي ئىختىساس ئىگىلىرى، كارخانا باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرى، پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، بولۇپمۇ كارخانىچىلار قوشۇنىنى ئىمكانقەدەر تېز زورايتىش لازىم. پارتىيە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ نەزەرىيە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، دۇنياغا يۈزلىنىش قارىشىنى تىكلەش ۋە پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ،ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بازارلاشقان، سىرتقا يۈزلەنگەن تەربىيىلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بازارنى ئىدارە قىلىش، رىقابەتكە قاتنىشىش، بولۇپمۇ خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش، كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى داۋاملىق تەربىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. جىددىي ئېھتىياج بولۇۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىگە قارىتا خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى جەھەتتىكى چەكلىمىنى مۇۋاپىق ھالدا كەڭ قويۇۋېتىپ، ئوخشاش شارائىتتا ئېتىبار بېرىپ تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە دەرىجە ئاتلاپ ئىشلىتىش لازىم. تارماق، رايون، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرى قورغىنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى ئېچىپ، ئېچىۋېتىلگەن، جانلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بار كارامىتىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈن «داغدام يول» ئېچىپ بېرىش لازىم. كەسىپ ئارقىلىق ئېلىپ قېلىش، ھېسسىيات ئارقىلىق ئېلىپ قېلىش، مۇۋاپىق تەمىنات ئارقىلىق ئېلىپ قېلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئۆز جايىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پائال تۈردە سىرتتىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە تەشكىلات تارماقلىرى پارتىيىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى باشقۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، كادىرلار خىزمىتى بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرى خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ئايلىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، تەشكىلات تارماقلىرى باش بولۇپ ئومۇمىي ئىشلارنى تۇتۇش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش، زىچ ماسلىشىشتەك ئىختىساس ئىگىلىرى خىزمىتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم. يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدا، تەشكىلات خىزمىتى، كادىرلار خىزمىتىدە مۇنداق بىر يېڭى ۋەزىيەتنى، يەنى پۈتۈن جەمئىيەتتە ئەمگەككە ھۆرمەت قىلىش، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئىجادىيەتكە ھۆرمەت قىلىش كەيپىياتىنى يارىتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمگە ماس كېلىدىغان ئىدىيىۋى كۆز قاراش ۋە ئىگىلىك تىكلەش مېخانىزمىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنى بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا پائال ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، بارلىق ئەمگەك، بىلىم، تېخنىكا، باشقۇرۇش، كاپىتالنىڭ ھاياتىي كۈچىنى رىقابەت جەريانىدا ئۇرغۇتۇش، جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىدىغان بارلىق مەنبەنى تولۇق قېزىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىزنى جانلاندۇرۇپ، گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشىنى ئورتاق يارىتىشتەك يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتىش كېرەك.

# پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ بەش تەلىپى

خې گوچياڭ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

### 3. مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش

بۈگۈنكى دۇنيا ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىدىن كەلگەن خىرىس ۋە سىناقلار ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ، پارتىيىمىز بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۇھىتىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. 1997 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا پارتلاپ ئۈچ يىل داۋام قىلغان ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ئېلىمىز ئىقتىسادىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتى؛ 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكا، ياپونىيە، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بىرلا ۋاقىتتا بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋە چېكىنىش گىردابىغا پېتىپ قېلىپ، ئېلىمىزنى ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىدىنمۇ جىددىي خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇھىتقا دۇچار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن تىنچسىز بولدى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى، شەرقىي ياۋروپادا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى؛ رايون توقۇنۇشى جىددىيلىشىپ كەتتى... دۆلەت ئىچىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا سىياسىي داۋالغۇش يۈز بەردى؛ «فالۇنگۇڭ» بىدئەتچىلىك تەشكىلاتى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلدى؛ تەيۋەندە لى دېڭخۇي، چېن شۈيبيەن «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»، بۆلگۈنچىلىكنى ھەدەپ تەرغىپ قىلدى؛ 1998 ـ ۋە 1999 ـ يىللىرى ئۇدا ئىككى يىل يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى... بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە ۋە ھەرخىل خېيىمخەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن تېخىمۇ يېڭى، يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىمىز بۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك جۇڭگونى تولۇپ ـ تاشقان يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى.

مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، «سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىش، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش، ئۆز قابىلىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق، قىلغان ئىشتىن نەتىجە يارىتىش» فاڭجېنىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. خەلقئارادىكى ھەرخىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە ۋە خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرۇشتا، باشتىن ـ ئاخىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ، تېخىمۇ جانلىق، ھەرىكەتچان تاكتىكا قوللىنىپ، قائىدىلىك، پايدىلىق، تەرتىپلىك بولۇش ئاساسىدا ئەپچىللىك بىلەن ھەرخىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە ۋە ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان خېيىمخەتەرگە پائال، ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىش كېرەك.

مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان توپلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن: خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ــ يېڭى دەۋردە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم سىياسىي تېما، دەپ كۆرسەتتى. يېڭى ۋەزىيەتتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ يېڭى ئىپادىلىنىش شەكلى، ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، ھەرخىل زىددىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىلمىي، ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ھەرخىل تاساددىپىي يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر

تەرەپ قىلىپ، زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ئاساسىي قاتلامدا ۋە بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىش كېرەك. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئىسلاھات داۋامىدا پەيدا بولغان ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى توغرا تونۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان توپلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمدە توپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ھەرخىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىمخەتەرلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىش كېرەك.

مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، پارتىيىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى ساقلاش — پارتىيىمىزنىڭ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇپ، تۈرلۈك خېيىمخەتەرلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئىدىيە، سىياسىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېت بىلەن باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك دەرىجىدىكى بىردەكلىكنى ساقلاپ، سىياسەت ـ پەرمانلارنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، لىبېرالىزمغا قارشى تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە ئىنتىزامچانلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

### 4. قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش

قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، بىرىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇزاق ـ مۇددەت ئىنقىلاپ، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەنلىكىنى، تارىخنىڭ تاللىشى ئىكەنلىكىنى، قانۇننىڭ ئېنىق بەلگىلىمىسى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئېنىق تەلىپى ئىكەنلىكىنى، تولۇق قانۇنلۇق، يوللۇق ئاساستا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە تايىنىپ گەۋدىلەندۈرۈلىدىغانلىقى، بىزنىڭ چوقۇم ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئېڭىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇن بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مۇقەررەر ھالدا قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈمىنى بەلگىلەيدۇ، ئەكسىچە، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈمى پارتىيىنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن سىناق ھېسابلىنىدۇ.

قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، جەزمەن قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار خەلق ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى. پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزگەنىكەن، چوقۇم باشلامچىلىق بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ھوقۇقنى خەلق بەرگەن، ھوقۇق خەلق ۋە قانۇننىڭ نازارىتى، چەكلەپ تۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر، دېگەن ئاڭنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، قەتئىي ھالدا قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ، قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ، قانۇننى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشىمىز كېرەك. ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋە قانۇندىن ھالقىپ كېتىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، چوقۇم پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق خوجايىن بولۇش بىلەن دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكى — خەلق خوجايىن بولۇش ۋە دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى، خەلق خوجايىن بولۇش — سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — پارتىيە خەلققە

رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى تۈزەشتىكى ئاساسىي تەدبىر. بۇ ئۈچىسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينىڭ مۇھىم ئۈستۈنلۈكى، پارتىيىمىزنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى روشەن ئالاھىدىلىك. بۇ ئۈچىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن ئىگىلىگەن ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلغاندىلا، پارتىيىنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، چوقۇم پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە دەۋر يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى چىقىش قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قانۇن ـ تۈزۈم ئىزىغا سېلىپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا قانۇن ۋە تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. پارتىيە — ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. پارتىيىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ھەم پارتىيىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەتمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ھەم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

## 5. ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش

ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش — پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا، قانچىلىك زور خېيىمخەتەرگە ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققۇشتىن قەتئىينەزەر جەزمەن قەتئىي بوشاشماي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ تەۋرىنىشكە ۋە بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ. پارتىيە خىزمىتىدىكى ئاساسلىق زېھنىي كۈچنى يۆنىلىشنى تۇتۇشقا، چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا، ئومۇمىيەتنى باشقۇرۇشقا قارىتىپ، ئومۇمىيەت، ئىستراتېگىيە خاراكتېرىنى ئالغان ۋە پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، توغرا يۆنىلىشنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك.

ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، چوقۇم پارتىيە «ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇش ھەمدە ئىلمىيلاشقان، قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن مېخانىزمنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ خىزمەتلەرنى مۇستەقىل مەسئۇل بولغان، قەدەم بىرلىكى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇشىنى قوللاش كېرەك. مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك.

ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ھەم مەركەز تۈزگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەم ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ تەرەققىيات ئاساسى، ئۈستۈنلۈك شارائىتى، چەكلىمە ئامىللىرى قاتارلىقلارنى ئىلمىي، سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، «بىرلەشتۈرۈش» ئىشىنى ھەقىقىي ياخشى قىلىش كېرەك. ھازىر بىلەن كەلگۈسى، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ماكرولۇق ۋەزىيەت ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇملۇقى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئويلىشىشقا، پىلانلاشقا ماھىر بولۇپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇش كېرەك.(04)




# 16 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى ئاساسىي بىلىملەرگە دائىر سوئال ـ جاۋابلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**10. ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى كۆرەش نىشانى نېمە؟**

—قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، 2020 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 ـ يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاشقا تىرىشىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى روشەن دەرىجىدە ئاشۇرۇش؛ سانائەتلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇكەممەل سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە تېخىمۇ جۇشقۇن، تېخىمۇ ئوچۇق ئىقتىساد سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش؛ شەھەر ـ بازار نوپۇسىنىڭ نىسبىتىنى خېلى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش؛ ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى بىر قەدەر ساغلام قىلىش، جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىنى بىر قەدەر تولۇق قىلىش، ئائىلە مال ـ مۈلكىنى ئومۇمیۈزلۈك كۆپەيتىش، خەلقنى تېخىمۇ باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش.

—سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئومۇمىي تەدبىرىنى ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىش ۋە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاپ، خەلقنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىش.

—پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسى، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى، ساغلاملىق ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، بىر قەدەر مۇكەممەل خەلق مائارىپى سىستېمىسى، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە داۋالاش، سەھىيە سىستېمىسى ھاسىل قىلىش، خەلقنى ياخشى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش، تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچى مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش؛ ئومۇمىي خەلق ئۆگىنىدىغان، ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىدىغان ئۆگىنىش تىپىدىكى جەمئىيەت ھاسىل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

—ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈ-

روپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ياخشى بولغان مەدەنىي تەرەققىيات يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش.

**11. نۆۋەتتە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى قانداق قىلغاندا ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ؟**

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشتا: (1) پۈتۈن پارتىيىنى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش روھىي ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلايدىغان قىلىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىش كېرەك؛ (2) تەرەققىياتنى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپىسى قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك؛ (3) بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ تولۇق ئىشقا سېلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى كۈچ قوشۇش كېرەك؛ (4) پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھات روھى بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ئورگانىزمىغا ئۈزلۈكسىز يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇش كېرەك.

**12. بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ تولۇق ئىشقا سېلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى كۈچ قوشۇش كېرەك دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكۈل تارىخىي جەريانىدا، زىيالىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار باشتىن ـ ئاخىر دۆلىتىمىزدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق يۈكسىلىشىنى ئالغا سۈرىدىغان تۈپ كۈچ بولۇپ كەلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن، خەلق باشقۇرغان پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىدىكى ئىگىلىك تىكلىگۈچى خادىملار ۋە تېخنىكا خادىملىرى، چەتئەل مەبلەغ بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلاردا تەكلىپ بىلەن ئىشلەيدىغان باشقۇرغۇچى خادىملار، تېخنىكا خادىملىرى، يەككە تىجارەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنلىرى، ۋاستىچى تەشكىلاتلاردىكى كەسپكارلار، ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قاتارلىق ئىجتىمائىي تەبىقىلەردىكىلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى. ۋەتەننىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۈچ قوشقان ھەر قايسى ئىجتىمائىي تەبىقىلەردىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش روھىغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەرلەرنى تەقدىرلەش، بارلىق خەلق قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدىغان، ھەر كىم ئۆز ئورنىنى تاپىدىغان ھەم بىللە ئىناق ئۆتىدىغان ھالەتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**13. نېمە ئۈچۈن يېڭىلىق يارىتىش — بىر مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ جېنى دەيمىز؟**

يېڭىلىق يارىتىش ـ يارىتالماسلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئىدىيىدە ئۈزلۈكسىز ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش — بىر مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ جېنى، بىر دۆلەتنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشىنىڭ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، بىر پارتىيىنىڭ ئۆز ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىشىنىڭ مەنبەسى. ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇش، ھەم يېڭى نەزەرىيىۋى سەھىپە ئېچىش، ھەم ئىنقىلابىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىش كېرەك، بۇ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرىدىغان توغرا پوزىتسىيە. يېڭىلىق يارىتىشتا، ئىدىيىۋى تونۇشنى زامانغا ماس كەلمەيدىغان كۆز قاراش، ئۇسۇل ۋە تۈزۈلمىنىڭ ئاسارىتىدىن ئاڭلىق ئازاد قىلىشىمىز، ماركسىزمغا بولغان خاتا ۋە دوگما چۈشەنچىدىن ئاڭلىق ئازاد قىلىشىمىز، سۇبيېكتىپچىلىق ۋە مېتافىزىكىنىڭ ئاسارىتىدىن ئاڭلىق ئازاد قىلىشىمىز لازىم.(06)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۈرەش نىشانىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا ئىگىلەش كېرەك

تۇرنان قاسىم

يولداش جياڭ زېمىن 16 ـ قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا: «پۈتۈن پارتىيىدىكىلەر ۋە مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ‹ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش› ئىستراتېگىيىسىنىڭ 1 ـ، 2 ـ قەدەملىك نىشانىغا غەلىبىلىك يەتتۇق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئومۇمىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيىگە يەتتى. بۇ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى يېڭى نامايەندە» دەپ كۆرسىتىپ، ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇلۇغۋار، يېڭى نىشان كىشىلەر قەلبىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

جۇڭگودا زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل مەقسىتى بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ھەممىسىلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانى قىلىپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ماۋزېدۇڭ يادرولۇقىدىكى 1 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى «يېزا ئىگىلىكىنى، سانائەتنى، دۆلەت مۇداپىئەسىنى ۋە پەن ـ تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» تىن ئىبارەت تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىلمىي تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانىدى. كېيىن دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى بۇ تەسەۋۋۇرنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ «ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش» ئىستراتېگىيىسىنى بېكىتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەقتە: «دۆلىتىمىز ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ماڭىدۇ، بۇ ئەسىردە ئىككى قەدەمنى مېڭىپ، كىيىم پۈتۈن، قورساق توق ھالەتكە، ھاللىق ھالەتكە يېتىمىز. كېيىنكى ئەسىردە 30 يىلدىن 50 يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا يەنە بىر قەدەمنى مېڭىپ ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر سەۋىيىسىگە يېتىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئىرادىمىز» دېگەنىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىز بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ 1 ـ، 2 ـ قەدىمىنى مېڭىپ ئوڭۇشلۇق ۋە كۆزلىگەن نىشانغا غەلىبىلىك يەتتۇق؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1980 ـ يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاندى، مۇھىم سانائەت، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى، يۇقىرى تېخنىكا كەسپى ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپى تېز راۋاجلاندى. ئۇل مۇئەسسەسىلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، دۆلىتىمىز سانائەتلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن

ئوتتۇرا مەزگىل باسقۇچىغا كىردى؛ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى؛ كىيىش ـ تويۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، خەلقنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىستېمالىنى ئاساسلىق قىلىش تىپىدىن سانائەت بۇيۇملىرى ئىستېمالىنى ئاساسلىق قىلغان ھاللىق سەۋىيە تىپىغا ئۆتتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئومۇمىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈش خىيالى رېئاللىققا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن 3 ـ قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى.

جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا، 15 ـ قۇرۇلتايدا 21 ـ ئەسىرنىڭ «بىرىنچى ئون يىلىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 ـ يىلدىكىدىن بىر قاتلاپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشاتلاشتۇرۇش، بىر قەدەر مۇكەممەل بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ يەنە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، پارتىيە قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا خەلق ئىگىلىكى تېخىمۇ راۋاجلىنىدىغان ئىمكانىيەتنى يارىتىش؛ 21 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش» نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان 3 ـ قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. 16 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا جياڭ زېمىن يەنە دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ: «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 1 مىليارد نەچچە يۈز مىليون ئاھالىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، دېموكراتىيىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇپ، پەن ـ مائارىپنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، مەدەنىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، جەمئىيەتنى تېخىمۇ ئىناق، خەلق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشات قىلىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسىتىپ، «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىنىڭ بېيىتىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ قالدى.

## ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدە بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك تەرەققىيات باسقۇچى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش پروگراممىسى روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھاللىق جەمئىيەتنىڭ ئۆلچىمى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ھاللىق نىشانىنى ۋە ھاللىق ئۆلچىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوكلاتتا يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدىكى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتىن ئىبارەت تۆت چوڭ نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈزەل كەلگۈسى، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ نىشانى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى.

بىرىنچى، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، 2020 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش

ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 ـ يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاشقا ئېرىشىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى روشەن دەرىجىدە ئاشۇرۇش؛ سانائەتلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇكەممەل سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە تېخىمۇ جۇشقۇن، تېخىمۇ ئوچۇق ئىقتىساد سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش؛ شەھەر ـ بازار نوپۇسىنىڭ نىسبىتىنى خېلى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش؛ ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى بىر قەدەر ساغلام قىلىش، جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىنى بىر قەدەر تولۇق قىلىش؛ ئائىلە مال ـ مۈلكىنى ئومۇميۈزلۈك كۆپەيتىش، خەلقنى تېخىمۇ باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئومۇمىي تەدبىرىنى ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، هوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىش ۋە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاپ، خەلقنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىش.

ئۈچىنچى، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى، پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ساغلاملىق سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، بىر قەدەر مۇكەممەل خەلق مائارىپى سىستېمىسى، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە داۋالاش، سەھىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش.

تۆتىنچى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات، مۇھىت ياخشى بولغان مەدەنىي تەرەققىيات يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش.

16 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» نىشانى يېڭى مەزمۇنغا ئىگە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش» ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرىدا «ھاللىق» دېگەن سۆز خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتە قوللىنىدىغان ئۇقۇم ئىدى، 16 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ھاللىق جەمئىيەت» بولسا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەپ يەتكەن ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. «ھاللىق سەۋىيە» دىن «ھاللىق جەمئىيەت» كە ئۆتۈش جەريانى ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىنى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ماس راۋاجلىنىشىنى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىز 16 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە پروگرامما دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە زامانىۋىلىشىشنى ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يەنىمۇ بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، 2 ـ قەدەمدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن 3 ـ قەدەمدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيىدىن تەدرىجىي زامانىۋىلىشىشقا مېڭىشنى ئۇلۇغۇار پىلان ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى بىلەن تەمىن ئەتتى دەيمىز.

## ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك

يولداش جياڭ زېمىن 16 ـ قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا ئېنىق قىلىپ: «دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ ھەم بۇ باسقۇچتا ئۇزاقىچە تۇرىدۇ، ھازىر يەتكەن ھاللىق سەۋىيە يەنىلا تۆۋەن سەۋىيىدىكى، ئومۇميۈزلۈك بولمىغان، تەرەققىيات تەكشى بولمىغان

هاللىق سەۋىيىدۇر» دەپ كۆرسەتتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان «تۆۋەن سەۋىيىدىكى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى — بىز هازىر يېڭىلا هاللىق جەمئىيەتنىڭ بوسۇغىسىغا باردۇق دېگەنلىك. دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مەلۇماتلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، رايونلاردىن قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە 2000 دىن ئارتۇق ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن ئىچىدە كىيىش ـ تويۇش ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلەر 22.8% نى ئىگىلىگەن، نوپۇستىن قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن هاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلەر ئاران 74.8% نى، هاللىق سەۋىيىگە يېقىنلاشقانلار 12.82% نى ئىگىلىگەن، يەنە 12.36% كىشى كىيىش ـ تويۇش ۋە هاللىق سەۋىيىگە يېتەلمىگەن. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئىككى مەنبەلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تېخى ئۆزگەرمىدى، رايونلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تەكشى ئەمەس. ئالايلى، غەربىي رايوندىكى 12 ئۆلكە ـ شەھەرنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىگىلىگەن كۆلىمى 70% كە يېتىدۇ، لېكىن غەربىي رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ 18.5 % ىنىلا ئىگىلەيدۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى شەرقىي رايونلارنىڭكىدىن روشەن دەرىجىدە تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر 14 مىليوندىن ئارتۇق ئىشتىن قالغانلار ۋە يېزىلاردىكى 150 مىليون ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە زور بېسىم شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى تېخى ئورۇندالغىنى يوق. سانائەت، بولۇپمۇ ياساش كەسپىنىڭ ئەسلىھەلىرى ۋە ياساش سەۋىيىسى خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بىزنىڭ نوپۇسىمىز ئامېرىكىنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى بىزنىڭكىدىن توققۇز ھەسسە كۆپ، دۆلىتىمىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1000 دوللارغىمۇ يەتمەيدۇ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بولسا، 30 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ. 2001 ـ يىلى دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسى 37.7% بولدى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە 75% تىن ئارتۇق. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن: «ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا يېزىدا»، «دېھقانلار هاللىق سەۋىيىگە يەتمىسە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ هاللىق سەۋىيىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش نۆۋەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ تېررىتورىيىسى كەڭ، تەرەققىيات تەكشى ئەمەس، نوپۇسىنىڭ 62% تىن كۆپرەكى يېزىلاردا، بۇ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا، مانا بۇلار زامانىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتىگە چېتىلىدىغان مۇھىم مەسىلە. ئىقتىساد، مەدەنىيەتى ئارقىدا قالغان، تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشى بولمىغان جۇڭگودا ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىغا يېتىش ئاسانلا قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. دەرۋەقە، ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا، ۋەزىپە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا مۇشكۇل ۋە مۇرەككەپ، قىيىنچىلىق كۆپ. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، ئۇلۇغ پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، 16 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلگىرى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەرەققىياتتا يېڭى تەسەۋۋۇر بولۇش، ئىسلاھاتتا يېڭى بۆسۈش بولۇش، ئېچىۋېتىشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى تەدبىر بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىدىغانلا بولساق، ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانىغا چوقۇم يېتەلەيمىز. (06)

(جارقىن فوتوسى)

# ميهرى ـ شەپقەت ئۇنتۇلمايدۇ



ـــمارالبېشى ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلاردا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم

ئۆز مۇخبىرىمىز **قۇدرەت مىجىت**

2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 10 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرەپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا يېقىن كېلىدىغان مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق، سېرىقبۇيا، ئالاغىر، يېڭئۆستەڭ، ئاۋات قاتارلىق يېزا ـ بازارلىرىدا 268 كىشى قازا قىلدى، 4000 دىن ئارتۇق كىشى يارىلاندى، 2058 كىشى ئېغىر يارىلاندى، 42 مىڭ 500 تۇياق چوڭ ـ كىچىك چارۋا ئۆلدى، 18 مىڭ 861 ئائىلە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، 70 مىڭ ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 100 مىڭغا يېقىن كىشى ئۆي ـ ماكانسىز قالدى. ئاپەت ئەھۋالى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئالاقىدار تەرەپلەرگە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپەت رايونىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەرلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ قوماندانلىقىدا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى جىددىي، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ جەڭچىلىرى، تېببىي خادىملار ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۆچمەس داستانىنى يېزىپ قالدۇردى.

## ئارمىيە ـ خەلق بولسا بىر كىشى، بۇ جاھاندا يوقتۇر تەڭدىشى

مەن 26 ـ فېۋرال چۈشتىن كېيىن يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىغا باردىم. يېزا مەركىزىگە جايلاشقان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قوماندانلىق شتابى جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، رەھبەرلەر، كوماندىر ـ جەڭچىلەر، نۇقتىغا چۈشكەن ۋە ياردەمگە كەلگەن كادىرلار چېدىر ئۆيلەردىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. قوماندانلىق شتابىدىكى يولداشلاردىن ئەھۋال ئىگىلىشىمچە، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ئاپىتىدە يېزا بويىچە 257 كىشى قازا قىلغان، 2000

دىن ئارتۇق كىشى يارىلانغان، 8861 ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى ئۆ-
رۈلۈپ چۈشكەن، 26 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك چارۋا
ئۆلگەن، 20 مىڭ موغا يېقىن يەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان .
يەر تەۋرەش ئاپىتىدە يېزىنىڭ توك، سۇ، تېلېگراف ئىشـ
لىرىنىڭ ھەممىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، توك، سۇ توخـ
تاپ قالغان، خەۋەرلىشىش ئۈزۈلۈپ قالغان. ئاپەت يۈز بەرگەن
رايونلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملار بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن
كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي
ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى قەتئىي ئىـز-
چىللاشتۇرۇپ، ئاپەتنى بۇيرۇق، دەپ بىلىپ، تېزلىكتە پۈ-
تۈن كۈچى بىلەن يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش،
ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلانغان. يېڭىشەھەر نا-
ھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 69216 ـ قىسىم 24 ـ فېۋرال سائەت 30 :2
دا بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپلا 600 دىن ئارتۇق كوماندىـر ـ
جەڭچىنى ئېلىپ، ماشىنا بىلەن 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق
يول يۈرۈپ، تېزلىكتە ئاپەت ئېغىر بولغان چوڭقۇرچاق يې-
زىسىنىڭ 17 ـ ، 18 ـ ، 19 ـ ، 20 ـ ، 22 ـ ، 28 ـ كەنتلىرىگە
بېرىپ، شۇ يەردىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئاممىغا
ياردەملىشىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلانـغـان.
ئۇلار ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي، شۇ جايـدىـكى
ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بىرگە،
سۇلياۋ لاپاستىن 1200 دىن ئارتۇقنى ياساپ، ئاپەتتە ئامان قالـ
غان قېرى ـ چۆرى، كىچىك بالىلارنى پاناھلاندۇرۇپ، ئۆز-
لىرىنىڭ پاختىلىق چاپانلىرىنى، يوتقان ـ كۆرپىلىـرىـنى،
ئوزۇقلىرىنى بەرگەن . ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەردىن 10 مىڭ
يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى قېزىۋېلىپ، ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇ-
رۇپ بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خەلقنىڭ يىپ ـ يىڭنىـ
سىگە كۆز قىرىنى سالماسلىقتەك روھىنى جارى قىلدۇرغان.

يەكەندە تۇرۇشلۇق 69213 ـ قىسىمدىكى كوماندىـر ـ
جەڭچىلەر يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن
قۇتقۇزۇش جەريانىدا ئۇدا نەچچە كۈن دەم ئالماي 652 چوڭ
چېدىر، 452 ئاددىي چېدىر تىكىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ 26 ـ
فېۋرال دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلغان.
بۇ قىسىمدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر يەنە 28 ـ فېۋرالغىچە
ئاپەت رايونىدىكى ئاممىغا سەككىز تونىنا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش
پولات ماتېرىيالى، 21 توننا خىمىيەۋى ئوغۇت يۆتكەپ بەر-
گەن. خەتەرلىك ئۆيلەرگە 2000 دىن ئارتۇق تېرەك قويغان،
40 تىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك كۆۋرۈكنى رېمونت قىلىپ،
قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئازادلىق ئارمىيە 12 ـ ، 18 ـ
دوختۇرخانىلىرىنىڭ قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئاپەت رايونىدا
3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ داۋالىغان. يېزا
ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 43 ـ تۈەنىدىكى خەلق ئەسـ
كەرلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا 28 ـ كەنتتىكى ئۆ-
يى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن 144 ئائىلىلىك دېھقانغا ياردەملىشىپ
30 تونىنىدىن ئارتۇق ئاشلىق، 1800 دىن ئارتۇق تۇرمۇش بۇ-
يۇمىنى توپا ئاستىدىن قېزىپ چىقارغان، 84 چېدىر تىكىپ
84 ئائىلىلىك دېھقاننى ئورۇنلاشتۇرغان. يەر تەۋرىگەندىن
كېيىن پۈتۈن يېزا تەۋەسىدىكى سەككىز سۇ مۇنارى ئۆرۈ-
لۈپ چۈشۈپ، يېزىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىشى توختاپ قالـ
غانىدى. قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر ئوت ئۆچۈرۈش
تارماق ئەترىتى ماشىنا بىلەن سۇ توشۇپ پۈتۈن يېزىنىڭ
ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ئازادلىق ئارمىيە
كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قوراللىق قىسىم باش ئەترىتى 2000
كىشىلىكتىن ئارتۇق قۇتقۇزۇش ئەترىتى، 100 دىن ئـارتـۇق
ئاپتوموبىل بىلەن ئاپەت ئېغىر بولغان 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ
7 ـ كەنتلەرگە بېرىپ ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى
قۇتقۇزۇش بىلەن بىللە، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشـ
يالىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئاممىغا تارقىتىپ بەرگەن. مەن
قوماندانلىق شتابىدىن چىقىپ، مۇخبىرلىق قىلىش ئۈچۈن
كەنت ـ مەھەللىلەرگە ماڭدىم. يېزىنىڭ ھەممىلا يېرى خارا-
بىلىككە ئايلانغانىدى. بارغانلا يېرىمدە كوماندىر ـ جەڭچىـ
لەرنىڭ چېدىر تىكىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنى ئو-
رۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، خارابىلىك ئىچىدىن مال ـ مۈلۈك،
ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تارتىپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.
20 ـ كەنتتىكى ئاپەتتە ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىنغان بىر بو-
ۋاي ماڭا مۇنداق دېدى: ـ مەن مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بۇنداق
قاتتىق يەر تەۋرىگەننى كۆرمەپتىكەنمەن، مەندىن چوڭلار-
دىنمۇ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ئاپەت رەھىمسىز بولغان بىـ
لەن پارتىيە، ھۆكۈمەت، كوماندىر ـ جەڭچىلەر رەھىمدىل
ئىكەن. بۇ نۆۋەت بىز كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئاپەتتىن

قۇتقۇزۇش جەريانىدىكى پىداكارلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندۇق، ئۇلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جەڭ قىلىپ كەنتىمىزدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى چېدىر ئۆيلەرگە كۆچۈردى. بېشىمىزغا كۈن چۈشكەن ئېغىر كۈنلەردە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ئىللىقلىق ۋە مېھىر - شەپقەتكە ئېرىشتۇق، ئاچ - يالىڭاچ قالمىدۇق، ھەتتا ئۆيلىرىمىز ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسىمۇ، تالادا قالمىدۇق، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە رەھمەت، كوماندىر - جەڭچىلەرگە رەھمەن...

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ئارمىيىمىزنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئېسىدە تۇتۇپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، جاپاغا چىداپ ئالاھىدە جەڭ قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە، مال - مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ھەممەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇشنىڭ ئۆچمەس سەھىپىسىنى يېزىپ قالدۇردى.

## ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارغا باغلانغان رىشتە

ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار تېزلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا، ئالدى بىلەن خارابە ئىچىدە بېسىلىپ قالغان ئاممىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 26 - فېۋرال مەن چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ 3 - كەنتىگە بارسام، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەمەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى داۋۇتجان مەمەت قاتارلىقلار كەنت كادىرلىرىغا ھەمكارلىشىپ توشۇپ كېلىنگەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، ئاممىغا تارقىتىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: - ئاپەت يۈز بەرگەن كۈنى بىز دەرھال يېزىغا كەلسەك، قوماندانلىق شتابى بىزنى 3 - كەنتكە تەقسىم قىلدى . بىز 3 - كەنتتىكە كېلىپلا پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا ياردەملىشىپ خارابە ئىچىدە قالغان ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قۇتقازدۇق. ھازىر بىز توشۇپ كېلىنگەن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئاممىغا تارقىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئائىلىلەرگە ياردەملىشىپ چېدىر تىكىۋاتىمىز. مەن ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن كەنت قورۇسىغا ئۆزلىرى تۇرۇش ئۈچۈن چېدىر تىكمىگەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇلار ماڭا: - ھازىر كەنتتە نۇرغۇن ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، كىشىلەر سىرتتا قالدى، مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىمىزگە چېدىر تىكىپ سوغۇقتىن پاناھلانساق ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ بىز سىرتتا ئوت يېقىپ ئوت سىنىشقا رازىمىزكى، بىرمۇ ئادەمنى سوغۇقتا توڭلىتىپ قويۇشقا، بىرمۇ ئادەمنى ئاچ قويۇشقا رازى ئەمەس... - دېدى.

زىيارەت داۋامىدا، ئۇلارغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۇنتۇپ، بارلىقىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتىم ۋە ئاڭلىدىم. بۇنىڭ ئىچىدە، مۇنداق بىر كىشى مەندە تېخىمۇ ئۇنتۇلماس چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەسەن قاسىم ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاپەت ئېغىر بولغان چوڭقۇرچاق يېزىسى 28 - كەنتىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. ئۇ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ 1 - سېپىگە ئاتلانغاندا ئۇنىڭ 4 - قىزى قەمبەرنىسا ئېغىر كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتاتتى. بىراق، ئۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇشنى مۇھىم بىلىپ، ئاپەت رايونىدا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئۇدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىشلىگەن . 26 - فېۋرال ئۇنىڭ ئوغلى تېلېفون بېرىپ جىددىي ھالدا: «دادا، قەمبەرنىسانىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، سۆزىدىن قېلىۋاتىدۇ، قايتىپ كېلەلەمسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ھازىر بۇ يەردە ئاپەت ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر، ھازىرچە بارالمايمەن، تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ تۇرايلى» دەيدۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ قوماندانلىق شتابىنىڭ

يىغىنىغا قاتنىشىپ بولۇپ، دەرھال 28 ـ كەنتتىكە بېرىپ، كەنت كادىرلىرىغا يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزىدۇ ھەمدە كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 27 ـ فېۋرال سەھەردە ئۇنىڭغا قىزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى يەتكۈزۈلگەندە ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق تىلغاندەك ئاغرىپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش قويۇلىدۇ، ئۇ ئەھۋالنى نەق مەيداندا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ مىڭگوغا ئېيتىدۇ ـ يۇ، ئەمما رۇخسەت سوراپ قايتىشنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايدۇ. جاڭ شۇجى ئۇنى دەرھال قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇ كۈنى ئۇ ئۆيىگە بېرىپ قىزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئەتىسى قىزىنىڭ نەزىرىسىگە ئاتىغان 1000 يۈەن پۇل بىلەن ئىككى تۇياق قوينى ئېلىپ كېلىپ ئاپەت رايونىدىكى ئاممىغا ياردەم قىلىدۇ ھەمدە ئاپەتنىڭ 1 ـ سېپىدە خىزمەتلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ. ھەسەن قاسىمنىڭ قىزى ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەنىدى، ئائىلىسىدە مۇسىبەت يۈز بەرسىمۇ، ئاپەت رايونىغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ھەسەن قاسىمنى كۆرگەن ئامما بىردەك «ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئاپەت رايونىدىكىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزگۈچى» دەپ ماختىشىدۇ.

## ئاپەتكە تىز پۈكمىگەن كوممۇنىستلار

مەن 26 ـ ، 27 ـ فېۋرال چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ كۆپلىگەن كەنت، مەھەللىرىگە باردىم، ھەممىلا يەر خارابىلىككە ئايلانغانىدى. بارغانلا يېرىمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ دېھقانلاردىن ھال سوراۋاتقانلىقىنى، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ چېدىر تىكىپ، ئۆي ـ ماكانسىز قالغان دېھقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، خارابىلىك ئىچىدىن مال ـ مۈلۈك، ئوزۇق ـ تۈلۈك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قېزىپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى، كادىرلارنىڭ دېھقانلارنى ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەۋاتقانلىقىنى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ۋە ئىئانە بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن خارابىلىككە ئايلانغان چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ كەنت، مەھەللىرىنى ئارىلاپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان 6 ـ كەنتكە كەلدىم. كەنت ئىشخانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، بىر چەتتە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان خىمىيىۋى ئوغۇت، ئورۇقلۇق چىگىت قاتارلىقلار تۇراتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوت يېقىلغان بولۇپ، ئەتراپىدا بىر قانچە كىشى ئىسسىنىپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلاردىن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ھاشىمنى سورىغىنىمدا، ئۇلار ماڭا 1 ـ مەھەللىگە چېدىر تىكىشكە ياردەملەشكىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن 1 ـ مەھەللىگە كېتىۋېتىپ داۋۇت ھاشىمنى يولدا ئۇچراتتىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ناھايىتى ئازابلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ مېنى ئۆيىگە باشلاپ باردى ھەمدە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى . داۋۇت ھاشىم 1992 ـ يىلى 6 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن بۇيان، يۇرتداشلىرىنى بېيىشقا يېتەكلەپ، يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. تېخى ئۆتكەن يىلى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمىنى 1320 يۈەنگە يەتكۈزۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇ يىل دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئىرادىسىگە كېلىپ، تۈرلۈك تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ بولغان، پۈتۈن يېزا بويىچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ نەق مەيدان يىغىنى 23 ـ فېۋرال ئېچىلغاندا بۇ كەنتتە ئېچىلغانىدى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، كەنت رەھبەرلىك كوللېكتىپى 24 ـ فېۋرال ئەتىگەندە كەنتتىكى ئىگە ـ چاقىسىز نامرات ئائىلىلەردىن ئەھۋال سوراش ۋە ئۇلارغا ئوغۇت، ئورۇقلۇق چىگىت قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ بېرىشنى كېلىشىپ تارقاشقانىدى. كىم بىلسۇن، 24 ـ فېۋرال ئەتتىگەندىلا قاتتىق يەر تەۋرەپ، ئۇنىڭ پىلانلىرىنى يوققا چىقارغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ كەنتكە بالدۇرراق بارماقچى بولۇپ، ئۆيىدىن چىقىپ، ئەمدىلا 80 مېتىردەك ماڭىشىغا تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپ كەتكەن، ئۇ بېشى قايغاندەك بولۇپ ئولتۇرۇۋالغان، ئارقىدىنلا قۇلاقنى يارغۇدەك «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆز ئالدىنى توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۆيىگە يۈ-

كۆرگەن. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ئۆي، قورۇ ـ قوتانلارنىڭ
ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئۇ ئايالىم بار، دەپ پەرەز
قىلغان ئۆيىنىڭ ئۈستىنى ئەمدى قولى بىلەن قېزىشقا
بىر جايدىن: «ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭـ
لانغان، بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىككىنچى ئوغلى بىلى
بىلەن تەڭ توپا ئاستىدا قېلىپ چىقالماي تۇرغانىكەن. ئۇ
ئوغلىنى تارتىپ چىقىرىپ، بىرلىكتە ئايالى بار يەردىكى
توپىنى قولى بىلەن قېزىشقا باشلىغان. بىر چاغدا ئايالىنىڭ
بىلىكى كۆرۈنگەن، يەنە بىر ئاز قازغاندا توپا ئاستىدىن
بىر ـ بىرىگە ئېسىلغانچە تىنىقى توختاپ قالغان ئايالى
بىلەن كېلىنى چىققان. ئۇ بۇ ئىككى جەسەتنى ئىككىنچى
ئوغلى بىلەن بىللە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، چوڭ ئوغـ
لىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيىنى قېزىشقا باشلىغان. ئاگـ
ىنچە قولۇم ـ قوشنىلار ياردەمگە كېلىپ، بۇ يەردىنمۇ ئالـ
لىبۇرۇن تىنىقى توختاپ بولغان چوڭ ئوغلى، چوڭ كېلىنى
ۋە ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن نەۋرىسىنىڭ جەسىتىنى تاپـ
قان. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىر ئائىلىدىن بەش كىشـ
ىنىڭ قازا قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئىدى.
ئۇ ۋاقىتسىز كۆز يۇمغان خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ جەسىتىنى
ئىككىنچى ئوغلىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئالدى بىلەن كەنتتىـ
كى ئۆلگىلىك چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى ئابلىمىت
قۇربانىنىڭ ئۆيىگە بارغان، ئۇنىڭمۇ ئايالىنىڭ ئېچىنىشلىق
قازا قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ، بالىسىنىڭ ئېغىر يارىلانغانـ
لىقىنى، ئۈچ باش كالىسى، 250 تۇياق قويىنىڭ ئۆلگەنلىـ
كىنى كۆرۈپ، بۇ ئائىلە بۇنچىلىك بولۇپ كەتكەن بولسا،
كەنتنىڭ ئىچى قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ دەپ ئويلاپ،
دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، كەنت بويىچە 35 ئادەمنىڭ قازا قىلـ
غانلىقىنى، 80 نەچچە كىشىنىڭ يارىلانغانلىقىنى، ئۆيلەرـ
نىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى بىلگەن، بۇ كۆرـ
گۈلۈكلەردىن ئۇنىڭ ئىچى سىرىلىپ، كۆزىدىن قان ـ ياش
تۆكۈلگەن. يۇرتداشلىرىنىڭ يىغا ـ زارە، ۋەھىمە ئىچىدە
قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يۇرتداشلىرىغا: «ئۆلگەنلەرنىڭ كەيـ
نىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، شۇڭا بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلانـ
دۇرۇپ، كۈتۈپ تۇرماي، يۆلىنىۋالماي، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى
قۇتقۇزۇشقا، ئالدى بىلەن خارابىلىك ئىچىدە قالغان ئاممـ
ىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىشىمىز
كېرەك» دەپ، قاۋۇل ياشلارنى تەشكىللەپ ئاپەتتىن قۇتقۇـ
زۇشقا ئاتلانغان. ئۇ بارغانلا مەھەللىدە يۇرتداشلاردىن ھال
سورىغاچ ھوشيار بولۇشنى، خەتەرلىك تاملاردىن يىراق تۇـ
رۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تاڭنى ئاتقۇزغان. ئەتىگەندە
ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ مېيىتىنى قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ
ياردىمىدە تۇنجى بولۇپ يەرلىكىدە قويىۋېتىپلا ئۆلۈم بولغان
باشقا ئائىلىلەرگە بېرىپ، ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ، يىراق ـ
يېقىندىن كېلىدىغان تۇغقانلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ
تۇرماي، مېيىتلەرنى يەرلىكىدە قويغۇزغان. ئۇ تۇپراق بېـ
شىغا بېرىپ، قازا قىلغانلارنى يەرلىكىدە قويۇپ بولغۇچە
كەچ بولغان. كەچتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي
بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇـ
جىسى ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھـ
بەرلىرى كەنتكە كېلىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېـ
يىن، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا دېھقانلاردىن
سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ
دېھقانلارنىڭ ۋەيران بولغان ئۆي ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇپ
بېرىشكە كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى، يارىدارلارنى ھەقسىز
داۋالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، غەم ـ قايغۇدا قالغان دېھقانـ
لارنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرگەن ھەمدە داۋۇت ھاشىمغا تەـ
سەللىي بېرىپ، ئۇنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا، پارتىيە
ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرغان، ئارقىدىنلا
جاي ـ جايلاردىن ئەۋەتىلگەن چېدىر، يوتقان ـ كۆرپە،
ئۇن ـ گۈرۈچ، نان قاتارلىق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي
ئەشيالىرى يېتىپ كەلگەن. ئۇ كەنتكە يىغىلغان ئامما ئالـ
دىدا ئىنئانە بۇيۇملىرىنىڭ ئالدى بىلەن ئۆلۈم چىققان ئاـ
ئىلىلەرگە، تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلەرگە، ئاندىن باشقا
دېھقانلارغا تارقىتىلىدىغانلىقىنى، كەنت كادىرلىرى، پارتىيە
ئەزالىرىنىڭ يۈكسەك ئالىيجاناب روھىنى جارى قىلدۇرۇپ،
قىل چاغلىق نەرسىگە كۆز ـ قىرىنى سالماسلىقىنى، ئەڭ
مۇھىمى مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى

تەكىتلەپ، ئىشلارنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھارغىنلىقتىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كوممۇنىستلارغا خاس جاسارىتى بىلەن ئاپەتتىن كېيىنكى قىيىنچىلىققا قارشى مەردانىلەرچە ئېلىشقان. بۇ جەرياندا ئۇ كەنتتىكى 286 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ھەممىسىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئامىمىنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرغان.

28 ـ فېۋرال ئەتىگەندە مەن چوڭقۇرچاق يېزىلىق «خەلق»دوختۇرخانىسىغا كەلدىم. يەر تەۋرەشتە دوختۇرخانا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. دوختۇرخانا قورۇسىغا 30غا يېقىن چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، كىرىۋاتقان ـ چىقىۋاتقانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كېسەللەرنىڭ يەنىلا ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئىگىلىشىمچە، بۇ دوختۇرخانىدا 60تىن ئارتۇق دوختۇر ـ سېستىرا بولۇپ، يەر تەۋرىگەن تۈنجى كۈنى 700دىن ئارتۇق كېسەل كۆرگەن، كېيىنكى كۈنلەردە ھەر كۈنى 400گە يېقىن كېسەل كۆرگەن. دوختۇرخانىدىكى دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ ئۆيلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مال ـ مۈلكى سىرتتا قالغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇنى دەپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەپتۇ، ئەڭ تەسىرلىكى شۇكى، دوختۇر ـ سېسترالاردىن ئون نەچچىسىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يەر تەۋرەشتە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال سورىيالماپتۇ، دوختۇرخانا باشلىقى باتۇر رۇسۇل يەر تەۋرەشتە ئايالىنىڭ ئېغىر يارىلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئىزچىل دوختۇرخانىدىن ئايرىلماي يارىدارلارنى داۋالىغان. باشقىلارنىڭ ئۈندىشى بىلەن ئايالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئوپېراتسىيە تۈگىگەن ھامان قايتىپ كېلىپ، قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا يەنە 17 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئوبۇل قاسىم، 20 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇسا زەيپەر، 5 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن بىلال، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئەركىن ئەخەت، يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئوبۇل ئوسمان قاتارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ 1 ـ سېپىدە نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلارنى قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن . ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردىكى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، كۈچىنىپ ئىشلەپ، يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق ئاممىنى يېتەكلەپ، يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ، يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇشقا يېتەكلىمەكتە.

مەن زىيارىتىمنى تۈگىتىپ مارالبېشى ـ يەكەن تاشيولىغا چىقىپ قىسىم، كارخانا ۋە ئورگان، كادىرلار، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى ئىئانە قىلغان ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، مېنېرال سۇ، كۆمۈر، ئوتۇنلار قاچىلانغان ماشىنا، تراكتور، ھارۋىلارنىڭ قاتارلىشىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى كادىر ۋە ئاممىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇش ئىشەنچىسىگە ئىلھام بېغىشلايدۇ. ئاپەت رەھىمسىز، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى رەھىمدىل! شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، چوڭقۇر مىللىي دوستلۇق ۋە پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بولغاچقا، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاما مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن قىيىن ئۆتكەلدىن تىرىشىپ ئۆتۈپ، نورمال تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش يولىدا مېڭىپ، يۇرت ـ ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقالايدۇ، ئۇلار يىل ئاخىرىدا ئالغان مول ھوسۇلى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ھېسداشلىقىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

قۇدرەت مىجىت فوتوسى

## مائارىپنى قوللاشتىكى ئۈلگىلىك كەنت



شايار ناھىيە تويبولدى بازىرى كۆكبويۇن كەنتىنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتى بارلىق تەرەققىياتلارنىڭ ئاساسى ـ مائارىپ، دەپ قاراپ، بازارلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن تەخمىنەن 10 مىڭ يۈەن ياردەم قىلغاندىن باشقا، يەنە 30 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە خىشتىن 48 كۋادرات مېتىرلىق بىر سىنىپ سېلىپ بەردى ۋە سىنىپ، ئىشخانىلارنى قايتا رېمونت قىلدى. ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.

تاھىرجان نىياز

## بۇ ئوغۇلنىڭ «سۈننىتى»دىن كىشىلەر سۆيۈندى



قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزا باش قۇمدان 9 ـ كەنت 8 ـ مەھەللىدىكى قاسىمجان مىجىت ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈپ، تويغا ئاتىغان 1000 يۈەن پۇلنى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلدى. سۈننەت تويىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈشنى ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن قاسىمجان بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇرت ـ مەھەللىدىكىلەرنى خۇشال قىلدى.

ھاپىزجان مۇھەممەت

## پاك ـ دىيانەتلىك ج خ كادىرى



مارالبېشى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئالاغىر يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى ئىمىن ئوسمان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھېرىپ ـ چارچاشتىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، دېلو بېجىرىشتە قانۇننى ئۆلچەم، پاكىتنى ئاساس قىلىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، يىلىغا 20 ـ 30 پارچە دېلو ئىشلەپ، 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياننى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ دېلو بېجىرىش جەريانىدا مەقسەتلىك چاقىرىلغان مېھماندارچىلىقنى رەت قىلىپ، خەلق ساقچىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالىيجاناب خىسلەتنى نامايان قىلدى. ئۇ يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن ئىدارە، ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى.

ئوسمانجان بارات

## يېزا مائارىپىغا سۇنۇلغان سېخىي قول



ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى يەككە تىجارەتچى ھۇشۇر ئەمەت بېيىغاندا مائارىپنى ئۇنتۇپ قالماي، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھاجەتخانا سېلىش ۋە ئوقۇغۇچىلار پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن 7000 يۈەن؛ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كەسپىي سىنىپىغا 3000 يۈەن قىممىتىدە ئون دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى؛ يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا 2000 يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، يېزىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى كەۋدىلىك قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ياردەم قىلدى.

ئادىل ئابدۇرېھىم

## چىرىكلەشكەن شۇجى جاجىسىنى يېدى



قاغىلىق ناھىيە بەشئېرىق يېزا تارامباغ 2 ـ كەنتىدىكى ئابلىمىت زايىت 1994 ـ يىلدىن بۇيان، ئىلگىرى ـ ئاخىر كەنتنىڭ كاسىرى، مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، ساختا تالون ئارقىلىق ئومۇمنىڭ 3425 يۈەن پۇلىغا، ئومۇمنىڭ موتسىكلىتىنى ساتقان 5000 يۈەنگە خىيانەت قىلغان. شەخسلەر نامىدا يالغاندىن چىقىم تالونى ئۆتكۈزۈپ، كەنتنىڭ 5260 يۈەن پۇلىغا خىيانەت قىلغان. ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى كەنتتىكى نامراتلارغا ئىئانە قىلغان 1250 يۈەن قىممىتىدىكى خىمىيىۋى ئوغۇتنى ھەمدە كەنتنىڭ 20 تۈپ تېرەكنى ھەقسىز ئىشلىتىۋالغان، ئۆزى تېرىپ كېلىۋاتقان يەرنىڭ 2477 يۈەن يەر راسخوتىنى تۆلىمىگەن. ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2002 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇنىڭغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بەردى.

سىدىق تۇردى

## پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن شۇجى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى



مەكىت ناھىيە شېھىتدۆڭ يېزا 11 ـ كەنتتىكى ئابدۇقادىر سۇپەك ئۆزى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇرۇغلۇق، دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈپ، ئاما ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى. مەكىت ناھىيە شېھىتدۆڭ يېزىلىق پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يېقىندا، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان ئابدۇقادىر سۇپەككە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بەردى. (05)

تۇرسۇن تۇرەك

# مېيىپلەر قەلبىدىكى «ھاتەم»

(زىيارەت خاتىرىسى)

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

—مەندەك ئىككى كۆزى ئەما بىر مېيىپنى دۆلەت كادىرى دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، دۆلەت كادىرى ئىكەنلىكىم راست، بۇنىڭغا مۇختەر سەۋەبچى بولغان، — دەپ ئەھۋال تونۇشتۇردى ئەلگە تونۇلغان ئەما سەنئەتكار ئابدۇشۈكۈر قادىر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى مۇختەر ئابلىمىتنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، — بۇ ئىشلارنى ئەسلىسەم ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. تۆت يېشىمدا بەختكە قارشى ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئەقلىمگە كەلگەندە ئاكوردىيون، رويال، دۇتتار، تەمبۇر، غېجەك قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى ئۆگەندىم. بۇ ئارتۇقچىلىقىم مېنى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيىنىڭ مېيىپلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش سىياسىتى ماڭا يېڭى ھايات بەخش ئەتتى. مۇختەر مېنى ئاتايىن ئىزدەپ كېلىپ مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر قۇرۇلتايلىرىغا، ئەلنەغمە كۆرەكلىرىگە قاتناشتۇردى ھەمدە ئۆزى يول مېڭىپ 1993 ـ يىلى مېنى ئاتۇش شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بىلىپ تۇردۇم، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاسانغا توختىمىدى. راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭ مېيىپلەر ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئىشلەيدىغان ئالىيجاناب روھىغا تولىمۇ قايىل. شۇڭا مەن ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلماي تۇرالمايمەن.

بۇ ئەما سەنئەتكارنىڭ مۇختەر ئابلىمىتنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەشلىرى مەندە مۇختەر ئابلىمىتنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىنى قوزغىدى. شۇڭا يېقىندا ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، مەقسىتىمنى ئۇقتۇرۇۋىدىم، ئۇ، خىزمىتىنىڭ تولىمۇ ئالدىراشلىقىنى ئەسكەرتىپ، مېنى پەقەت بىر توپ ماتېرىيال بىلەنلا تەمىنلىيەلىدى. مەن بۇ ماتېرىياللارنى ئاقتۇرۇۋىدىم، ئارىسىدىن ئۇنىڭغا يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

مۇختەر ئاكا، ياق مۇختەر دادا ياخشىمۇ سىز؟ سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىز بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر تېخنىكومىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم. مانا ھازىر ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. مەندەك بىر مېيىپ، ناتىۋان قىزنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇيىنى سىز رېئاللىققا ئايلاندۇردىڭىز. ئاسمانغا ئېگىز چىققاندەك تۇيۇلىدىغان بۇ ئىشلارنى ئويلىسام، سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيمەن.

مۇختەر دادا، ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇيىلى مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرەي دەپ سالامەتلىك تەكشۈرتكەندە دوختۇرلارنىڭ: «ئاۋارە بولماڭ،ئۆتەلمەيسىز» دېگىنى ماڭا قاتتىق ئەلەم بولغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىغان ھەتتا بۇ دۇنياغا ئارتۇقچە تۆرەلگىنىمدىن ئېچىنىپ ھاياتىمدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم. شۇ چاغدا مەندىنمۇ بەك ئېزىلگەن بىچارە ئانام مېنى يېتىلەپ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كەلدى. كىم بىلسۇن! ئۆيىڭىزدە يوق بولۇپ چىقتىڭىز. ئائىلىڭىز بىلەن قىزىڭىز مېنىڭ كۆز يېشىمغا چىدىمىدى. تامىقىنىمۇ يېمەي سىزنى تەرەپ-تەرەپتىن ئىزدىدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئالدىمدا پەيدا بولدىڭىز. مەن سىزنى كۆرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم. سىز ماڭا تەسەللىي بېرىپ: «بولدى يىغلىما، سەن باشقىلارغا يارىمىغان بىلەن ماڭا يارايسەن، بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەرگە يارايسەن، سېنى ئوقۇتۇپ، مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن!» دېدىڭىز. شۇ سۆزلىرىڭىز ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ. چۈنكى، سىز كېيىنكىزدە تۇردىڭىز، مېنى ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر تېخنىكومىغا ئەۋەتتىڭىز. ئارىلىقتا مەكتەپ بىزنى «يۇرتۇڭلاردا ئىككى ئاي پىراكتىكا قىلىپ كېلىڭلار» دېۋىدى، مەن يەنىلا سىزنى ئىزدىدىم. سىز مېنى شۇنداق خۇشال قارشى ئالدىڭىز، پىراكتىكا ۋە تۇرمۇشۇمنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردىڭىز. شۇ چاغدا دادام تۈگەپ كېتىپ ئۆيدىكىلەر ماڭا ئۇقتۇرمىغانىكەن، سىز ماڭا گويا دادامدەكلا كۆيۈنۈپ، دادامنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمىدىڭىز. پىراكتىكا ۋاقتىم توشقانىدى كاللامغا بىر غەم كىرىۋالدى، چۈنكى مەكتەپ بىزنى «650 يۈەن ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرا، تاماق، ياتاق پۇللىرىنىمۇ غەملىشىم كېرەك ئىدى. ئانام بىچارىنىڭ «سېنى قانداقمۇ يولغا سالارمەن!» دەپ بېشى

تازا قاتتى، سىز باشقىلاردىن بۇ ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ: «ماڭا نېمىشقا دېمىدىڭ؟!» دەپ خاپا بولدىڭىز. سىزگە دېسەملا ھەممە ئىشىمنىڭ پۈتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، بىراق ئېغىرچىلىقىمنى داۋاملىق سىزگە سېلىۋېرىشتىن خىجىل بولغانىدىم، مەكتەپكە ماڭار چېغىمدا سىز 1000 يۈەننى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ: «ياخشى ئوقۇ، قىيىنلىپ قالغۇدەك بولساڭ ماڭا تارتىنماي خەت ياز» دەپ يولغا سالدىڭىز. گەرچە مەن خەت يازمىساممۇ، سىز يەنىلا مېنىڭ غېمىمنى يەپ بىر نەچچە قېتىم پوچتىدىن پۇل ئەۋەتىپ بەردىڭىز. سىزنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭىزنى قانداقمۇ ئۇنتاي!

مۇختەر دادا، كېيىن ئۇقسام سىزنىڭ ئائىدارچىلىقىڭىزدىن بەھرىمەن بولغان يالغۇز مەن ئەمەسكەنمەن. ئوبلاستىمىزدىكى 14 مىڭدىن ئارتۇق مېيىپنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق جان كۆيدۈرۈدىكەنسىز. ئۇلارنى دەپ ئوبلاستىمىزدا ئايىغىڭىز تەگمىگەن يېزا ـ قىشلاق، كەنت، مەھەللە قالمايتۇ. پۇتى يوققا پۇت، قولى يوققا قول، كۆزى يوققا كۆز، تىلى يوققا تىل بولۇپ، ئۆيى يوققا ئۆي، پۇلى يوققا پۇل، مېلى يوققا مال تېپىپ بېرىپسىز، ھەتتا بالىلار پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئۈچۈن ئاتايىن دوختۇر تەكلىپ قىلىپ ئوپېراتسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇپسىز، باشقىلار ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشتىن قورققاندا ئۆز ئوغلىڭىزنى «تەجرىبە»گە تۇتۇپ بېرىپسىز. بۇ جەرياندا ئاچ ـ توق يۈرۈپ سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان، ئۈچەي ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قاپسىز. مەن كېسىلىڭىزنى ئۇقۇپ بەكلا قايغۇردۇم. قولۇمدىن كەلسە داۋالاپ ساقايتىۋەتسەم، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم.

مۇختەر دادا، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا «ھاتەم ھەققىدە قىسسە» دېگەن كىتابنى ئوقۇغانىدىم. بۇ كىتابتا بۇرۇنقى زاماندا ھاتەم ئىسىملىك بىر شاھزادىنىڭ ئۆتكەنلىكى، ئۇ بارلىقىنى باشقىلارغا بەخت يارىتىشقا بېغىشلاپ، نۇرغۇن ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغانلىقى بايان قىلىناتتى. مەن شۇ چاغدا ھازىرمۇ ھاتەمدەك ياخشى ئادەملەر بارمىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە بار ئىكەن. مەن سىزنى ئاشۇ ھاتەمگە ئوخشىتىمەن. دېمىسىمۇ مېيىپلەر قەلبىدىكى «ھاتەم»سىز. مەن ئاشۇ «ھاتەم» لىكىڭىزنى ئويلىساملا روھىم ئۇرغۇيدۇ، ھاياجانلىنىمەن، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىمەن. پارتىيىنىڭ سىزدەك جانكۆيەر ئەزىمەتلەرنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئىشىنىمكى، ئەجرىڭىزنى ئاقلاش ئۈچۈن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تىرىشىپ ئىشلەپ، چوقۇم سىزگە ئوخشاشلا مېيىپ، ئاجىز، يېتىم، نامراتلارغا قولۇمدىن كېلىشىچە ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغان مېيىپ «ھاتەم» بولۇشقا تىرىشىمەن. شۇ چاغدا مېنى «ئىز باسارىم» دەپ بىلەرسىز.

خەير سىزگە بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەپ، مېيىپ «قىزىڭىز» ئامانگۈلدىن

2001 . 5 . 15

مەن بۇ مېيىپ قىزنىڭ خېتىدىن مۇختەر ئابلىمىتنىڭ ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق مېيىپلەر قەلبىدە تىكلىگەن ئۆچمەس ئابىدىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن قولۇمدىكى ماتېرىياللارنى يەنە ئاقتۇردۇم. بۇ قېتىم ئوبلاستلىق مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىغان مۇختەر ئابلىمىتنىڭ ئىلغارلىق ماتېرىيالى قولۇمغا چىقىپ قالدى. مەن بۇ ماتېرىيالدىن ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى تۆۋەندىكىچە خاتىرىلىۋالدىم.

1987 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن مۇختەر ئابلىمىت 1991 ـ يىلدىن باشلاپ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن 11 يىلدا بارلىقىنى مېيىپلەر ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، مېيىپلەرگە ئىئانە توپلاش، مېيىپلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مېيىپلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مېيىپلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق بىرقاتار خىزمەتلەرنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپتۇ. پۈتۈن جەمئىيەتنى مېيىپلەرگە كۆيۈنۈش، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش، مېيىپلەرنى قوللاش، مېيىپلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مېيىپلەر ئۈچۈن 1 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلاپتۇ. بۇ پۇللارنى مېيىپلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مېيىپلەرگە ھاسا ـ تاياق، ھارۋا ئېلىپ بېرىش، نامرات مېيىپلەرنى يۆلەش، ئوقۇشسىز قالغان مېيىپ بالىلار ۋە مېيىپلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى قايتا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈش، مېيىپ ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم

(ئاخىرى 41 ـ بەتتە)

# 16 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**23. يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىش**

بۇ يېزىلاردا يەرنى ھۆددىگە ئالغان مەزگىلدە، ھۆددىگە ئالغان تەرەپنىڭ ھۆددىنى ئۆزگەرتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، پايغا قوشۇۋېتىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۆددىگە ئالغان يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى 3 - تەرەپنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتىگە يۆتكەشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ. يېزىلاردىكى يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىشتە، ئۇزاق مۇددەت ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىش شەرتى ئاستىدا، «قانۇنلۇق بولۇش، ئىختىيارىي قىلىش، ھەقلىق بولۇش» پرىنسىپىنىڭ قېلىپى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن يەرنى غەيرىي دېھقانچىلىق يېرى قىلىشقا بولمايدۇ، ئۆتۈنۈپ بېرىش جەريانىدا دېھقانلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ئۇنۇمىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

**24. يېزىلاردىكى باج، ھەق ئىسلاھاتى**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاممىۋى مالىيە بەرپا قىلىش تەلىپى بويىچە، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان يېزا ئىگىلىك ساھەسى ۋە يېزىلاردىكى باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ياخشىلاش، يېزىلاردىكى تەقسىمات تۈزۈمىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قېلىپلاشتۇرۇش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى تۈپ ئاساسىدىن ئازايتىش، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە دېھقانلار ئارىسىدىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت 2000 - يىلىدىن تارتىپ يېزىلاردىكى باج، ھەق ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى باشلىدى ۋە سىناق نۇقتىسى دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. سىناقنىڭ مۇھىم مەزمۇنى: بىرىنچى، يېزا بىر تۇتاش يىغىدىغان ھەق، يېزا مائارىپىغا ھەق يىغىش قاتارلىق مەخسۇس دېھقانلارغا قارىتىلغان، دېھقانلاردىن يىغىۋېلىنىدىغان مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەقنى ۋە ھۆكۈمەت خاراكتېرىدىكى فوند، مەبلەغ توپلاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ئىككىنچى، قان بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ئۈچىنچى، بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن يېزىلاردىكى جوغلانما ئەمگەك ۋە مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ تۆتىنچى، يېزا ئىگىلىك بېجى، يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بېجى سىياسىتىنى تەڭشەش؛ بەشىنچى، كەنت قالدۇرۇقىنى يىغىش، ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش.

**25. نۇقتىلىق جايلارنى ئېچىش**

نۇقتىلىق جايلارنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش - غەربىي قىسىمنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. نۇقتىلىق جايلار، ئاساسەن، ئىجتىمائىي ئاساسىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، ئورۇن ئەۋزەللىكى روشەن، ئاھالىسى بىر قەدەر زىچ، قاتناش لىنىيىسى بويىدىكى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى بەزى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. نۇقتىلىق جايلارنى ئېچىش كونكرېت جەھەتتە ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئالتۇن سۇ يولى، غەربىي جەنۇبنىڭ دېڭىزغا تۇتىشىدىغان يولى قاتارلىق قاتناش غول لىنىيىلىرىنى يۆلەك قىلىپ، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئاھالە توپلاشقان ئىقتىدارى ۋە ئەكس تەسىر رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، لىنىيە ئارقىلىق نۇقتىنى چېتىش، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەش، ماكان جەھەتتە نۇقتىلىق جايلارنىڭ ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، غەربتە لېنيۈنگاڭ - لەنجۇ، لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسى بويىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ، نەنىنىڭ - گۇيياڭ - كۇنمىڭ ئىقتىسادىي رايونىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەتراپىتىكى رايون ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەشنى كۆرسىتىدۇ.

**26. قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى پىششىقلاش ـ ئىشلەمە كەسپى**

پىششىقلاش ـ ئىشلەمە كەسپى، ئاساسەن، قېزىش كەسپى مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئەسلىي ماتېرىياللارنى پىششىقلاش ياكى پىششىقلاش سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى قايتا پىششىقلاش ۋە رېمونت قىلىش ۋە ياكى زاپچاس ـ دېتاللارنى قۇراشتۇرىدىغان سانائەت تارماقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئادەتتە، ئۇ مېتاللورگىيە، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، خىمىيە، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، قەغەزچىلىك، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، كۆن ـ خۇرۇم سانائىتى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: ئىلگىرى ئەمگەك سىڭدۇرۇلگەن ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنى ئەمگەك ئوبيېكتى قىلىشتىن ئىبارەت. يۇقىرى قوشۇمچە قىممەت يارىتالايدىغان پىششىقلاش ـ ئىشلەمە كەسپلىرى، ئاساسەن يۇقىرى تېخنىكا، يېڭى تېخنىكا، ھۈنەر ـ سەنئەت، يېڭى ماتېرىياللار ئىشلىتىلىپ، ئىشلەپ چىقىرىلغان، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىقتىسادىي سەۋىيىگە ۋە ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە لايىقلىشالايدىغان ئالىي دەرىجىلىك، يېڭى تىپتىكى، ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەپىس مەھسۇلاتلارنى پىششىقلايدىغان تارماقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلغار تېخنىكا ۋاسىتىسىدىن ۋە ئۆزگىچە ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تۆۋەن قىممەتلىك مەھسۇلات ۋە ئەمگەك زىچلىقىدىكى مەھسۇلاتلارنى قۇرۇلما، تېخنىكا ۋە زىننەتلەش خاراكتېرىدە ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش ئارقىلىق بىر قەدەر يۇقىرى قوشۇمچە قىممەت يارىتالايدىغان پىششىقلاش ـ ئىشلەمە تارماقلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. يۇقىرى قوشۇمچە قىممەت يارىتالايدىغان پىششىقلاش ـ ئىشلەمە كەسپى نۆۋەتتە خەلقئارا رىقابەتتىكى قىزىق نۇقتا بولماقتا. يۇقىرى قوشۇمچە قىممەت يارىتالايدىغان پىششىقلاش ـ ئىشلەمە كەسپى سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

**27. مەبلەغ چىقارغۇچى مەسئۇلىيىتى**

بۇ ھوقۇقتا ئېرىشكەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ياكى ئۇلار ھاۋالە قىلغان مەخسۇس ئورگانلارنىڭ تىجارەت خاراكتېرىدىكى دۆلەت مۈلكىگە مەبلەغ چىقارغۇچىلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ۋە دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مەسئۇلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مەركىزىي ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئورگىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقان دۆلەت مۈلكىنىڭ تىجارەت ـ ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ياكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلارغا مەبلەغ چىقارغۇچى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ؛ يەرلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئورگىنى، يەرلىك ھۆكۈمەت باشقۇرغان دۆلەت مۈلكىنىڭ تىجارەت ـ ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ياكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا مەبلەغ چىقارغۇچى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. دۆلەت مۈلكىگە مەبلەغ چىقارغۇچى قانۇن بويىچە دۆلەت مۈلكىنى ئىگىلەش، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش، ئۇنى ئىشلىتىش ۋە ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، كاپىتالدىن بەھرىمەن بولىدۇ، چوڭ ـ چوڭ تەدبىر قوللىنىش ۋە تىجارەت قىلغۇچى ـ باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش قاتارلىق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى دۆلەت مۈلكىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تىجارەت ـ ھەرىكەت قىلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دۆلەت مۈلكى تىجارىتى ـ ھەرىكىتى ئاساسىي گەۋدىسىنى، مەسىلەن: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پېيى تىزگىنلىنىدىغان شىركەت، مەبلەغ سېلىش شىركىتى، مەبلەغ تىجارىتى شىركىتى قاتارلىقلارنى قۇرسا ۋە ئۇلارغا مەبلەغ چىقارغۇچى مەسئۇلىيىتىنى يۈرگۈزسە بولىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە توغرا باھا بېرىش كېرەك

غالىپ ھەسەن

كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسى كادىرلارنى توغرا تاللاش، ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇشتىكى مۇھىم ئاساس، شۇڭا «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاش، ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتى نىزامى»دا، كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرىش پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاش، ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇشتا چىڭ تۇرۇلىدىغان ئالتە تۈرلۈك شەرتنىڭ بىرى قىلىندى. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى، بىر كادىرنىڭ مۇنەۋۋەر ياكى مۇنەۋۋەر ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشتىمۇ ئەمەلىيەت ئۆلچەم قىلىنىدۇ. كادىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ياكى مۇنەۋۋەر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەخلاق ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئېتىدۇ. كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە تارىخىي يوسۇندا ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ، ھەقىقىي، ئىلمىي باھا بېرىپ، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئاددىيلىقتىن ساقلىنىش كادىر ئىشلىتىش جەھەتتىكى توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىم. شۇڭا كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە توغرا باھا بېرىشتە، ئومۇمەن مۇنۇ بىر قانچە جەھەتكە دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، خىزمەت ئاساسىغا قاراش كېرەك. بىر كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە باھا بېرىشتە، ھازىرقىسىغىلا قارىماستىن، «ئىلگىرىكى»سىگىمۇ قاراش كېرەك. چۈنكى «ئىلگىرىكى»سى مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى كادىرنىڭ ئىلگىرىكى ئەھۋالى، بۇ كادىرنىڭ ئىلگىرىكى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ساپاسى، خىزمەت ئىقتىدارى، خىزمەت تەجرىبىسى قاتارلىقلار؛ يەنە بىرى ئىلگىرىكى كادىرنىڭ نەتىجىسى. ئىلگىرىكى كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسى بىلەن ھازىرقى كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ئايرىپ قاراش كېرەك، ئىلگىرىكى كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ھازىرقى كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە قوشۇپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە ئېرىشىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىگىمۇ قاراش كېرەك.

ئىككىنچى، رېئال شارائىتقا قاراش كېرەك. بۇنىڭدا بىر كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسى بىلەن يەنە بىر كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ئاددىي ھالدىلا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، پەرقلەندۈرۈپ سېلىشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش كېرەك. ھەر بىر كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئوبيېكتىپ، ئادىل تەھلىل قىلىش ۋە باھالاش كېرەك. خىزمەت نەتىجىسىگە قاراش بىلەن بىللە، خىزمەت نەتىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئامىللارغا، يەنى خىزمەت مۇھىتى، خىزمەت ئارقا كۆرۈنۈشى، خىزمەت شارائىتى، خىزمەت سىجىللىقىغا قاراش كېرەك. مەسىلەن، زور تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى، دۆلەتنىڭ چوڭ كۆلەمدىكى تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشى بىلەن يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىشى ياكى دۆلەتنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك زور ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى تەڭشىشى بىلەن يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى زور تەسىرگە ئۇچرىشى قاتارلىقلار كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە خېلى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەقىقىيلىك دەرىجىسىگە قاراش كېرەك. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن خىزمەت نەتىجىسىنى كۆپتۈرۈپ، يوقنى بار قىلىپ، ئازنى كۆپ قىلىپ

مەلۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە، ئوبيېكتىپ ئىشلەش كېرەك. بىر كادىرنىڭ خىزمەت نەتىجىسى بىر قانچە ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ئامىللار بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە چەكلەپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئامىللار ھەقىقىي بولغاندىلا، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ھەقىقىي بولىدۇ. شۇڭا، خىزمەت نەتىجىسىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى نازارەت قىلىدىغان مېخانىزمنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئاممىنىڭ دېموكراتىك نازارەت قىلىش ئېگىنى كۈچەيتىش كېرەك، شۇندىلا كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنىڭ ھەقىقىيلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئومۇمىي ئۈنۈمگە قاراش كېرەك. ئومۇمەن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كادىرلار خىزمەتتە ئەمەلىي نەتىجە يارىتىشقا تىرىشىدۇ ھەم بۇ خىزمەت نەتىجىلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىلگىچە مۇستەھكەملىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، پارتىيە تەشكىلىي ۋە ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. خىزمەت نەتىجىسىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىدە، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئاساس قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا، ئۈنۈمگە مۇناسىپ بەدەل تۆلىگەن ـ تۆلىمىگەنلىكىگە، سىجىل تەرەققىياتتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مەنپەئەتىنى قوغدىغان ـ قوغدىمىغانلىقىغا، ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئىككى قولدا چىڭ تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىغا ۋە بۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە قاراش كېرەك.

بەشىنچى، خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە قاراش كېرەك. قاتلاملار ئارا، مەسىلەن تۆۋەن، ئوتتۇرا، ئاساسىي قاتلام، ساھەلەر ۋە ئورۇنلار، مۇشۇ قاتلام، ساھەلەر، ئورۇنلاردىكى تارماقلار، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان كەسپىي باشقارما، بۆلۈم، ئىشخانىلار ئوتتۇرىسىدا خىزمەتنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇشۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغان كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئوخشاش بولماسلىق سەۋەبىلىك، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت مۇھىمتى، خىزمەت ئوبيېكتى، خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بەزىلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى روشەن ئىپادىلىنىدۇ، بەزىلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ، بەزىلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتتە نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتتا نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ نەتىجىسى بىۋاسىتە كۆرۈلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ نەتىجىسى ۋاسىتىلىك كۆرۈلىدۇ. كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە باھا بېرىشتە، بۇ ئامىللارنىڭ بىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ يوشۇرۇن كۆرۈلىدىغان، ۋاسىتىلىك كۆرۈلىدىغان، ئۇزاق مۇددەتتە كۆرۈلىدىغان خىزمەت نەتىجىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. شۇندىلا ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى ساھە ۋە ئورۇنلاردىكى كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ، كادىرلارنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشەنگىلى، كادىرلارغا ئوبيېكتىپ، ئادىل باھا بەرگىلى بولىدۇ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ باش چۆكۈرۈپ جان ـ پىدالىق بىلەن ئىشلەيدىغان كادىرلار كۆمۈلۈپ قالمايدۇ، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، داۋرىڭى چوڭ، پورسەتپەرەسلىك قىلىدىغان، ساختىپەزلىك قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان، ئەمەلخۇمارلارنىڭ پورسەتتىن پايدىلىنىپ «توقاچ ئوغرىلىشى»نىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.(04)

*(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدۇ)*

ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى يېڭى دەۋردە، دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە گۈللىنىشى، خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشلىرىنىڭ ھەممىسى قۇدرەتلىك مەدەنىيەت تېرىكىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئىلغار مەدەنىيەت تارىخى كونكرېت بولىدۇ، زامانىمىزدىكى جۇڭگودا ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگىنىمىز، زامانىۋىلىششقا، دۇنياغا، كېلەچەككە يۈزلەنگەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ئارقىلىق مەنىۋى كۈچىنى ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. نۆۋەتتە، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىنى مەھكەم ئىگىلەشتە، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن تىرىششقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلىش كېرەك . بىزگە مەلۇم، ئىلغار مەدەنىيەت، ئىلغار ئىدىيە ئەخلاق ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىلغار ئىدىيە ئەخلاق، ئىلغار دۇنيا قاراش، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يادرولۇق ئورنىدا تۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ماركسىزم ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار بولغان كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ۋارىسى ۋە راۋاجى، ئۇ، ھازىرقى دۇنيا ۋە جۇڭگودىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلەرنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىگە قويغان يېڭى تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ئاساسىي فاڭجېنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىقى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەسبەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش، كۆپ خىللىقنى تەشەببۇس قىلىش، ھەمدە كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىلدۇرۇش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك .

ئۈچىنچى، خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەرنى توغرا پەرقلەندۈرۈش، توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئېلىمىزدە ئالدىنقى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى، لېكىن تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىر جەمئىيەتتە يەنە بەزى خۇراپاتلىق، نادانلىق، چۈشكۈنلۈك ۋە چاكىنىلىق تۈسىنى ئالغان خىلمۇخىل قالاق مەدەنىيەت، ھەتتا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدىغان چىرىك مەدەنىيەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پايدىلىق مەدەنىيەتكە مەدەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قالاق مەدەنىيەتنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشىمىز، چىرىك مەدەنىيەتكە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈملەرگە ماس كېلىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل، گۈزەل ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش لازىم. (05)

*(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى لىكتورلار ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ)*

# شان ـ شەرەپنى كىشىلەر ئۆزى يارىتىدۇ

راخمانجان رۇسۇل

پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرىي كادىرلىرىنى «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرىي كادىرلىرىنى تاللاش، ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتى نىزامى»دىكى تەلەپلەر بويىچە ئوبدان تاللاش، خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش—«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى بىر ھالقىلىق مەسىلە. شان ـ شەرەپنى كىشىلەر يارىتىدۇ، بىراق ئۇنى تەشكىل، ئامما بېرىدۇ. كىشىلەر ھازىر بۇيرۇق، پوپوزا، يالغان ۋەدىلەرنىڭ ئاقمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. سان ـ سىپىرلار ھازىر كىشىلەرگە سوئال قويالايدىغان، كىشىلەرنى ئويغا سالالايدىغان بولدى. چۈنكى، سان ـ سىپىر دېگەن پاكىتنىڭ ئۆزى ـ دە!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا تەدبىرلەر كۈچەيتىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىۋاتىدۇ. پەيزاۋات ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى روزى ياسىن كادىر تاللاش نىزامىدىكى تەلەپلەر بويىچە توغرا تاللانغان رەھبىرىي كادىر ئىدى. روزى ياسىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا ئىشلىگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەكىتلىنىۋاتقان يېقىندىن بېرى، پاكلىقنى مۇقەددەس بىلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنكاس قىلىنغان، پاش قىلىنغان مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل، جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ئۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، دېھقانلار بىلەن «ئۈچتە بىللە» بولۇپ، قىسمەن يېزا، بازارلاردا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىنكاسىنى ئاڭلاپ، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى خادىملارنى باشلاپ، تۆت يېزا (بازار)دىكى ئون نەچچە كەنتنى تەكشۈرۈپ، ئاشۇرۇپ ئېلىنغان نامۇۋاپىق سېلىقلارنى دېھقانلارنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئارقىدىنلا ناھىيە بويىچە 13 يېزا ـ بازاردىكى مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ۋە ئۆزى خالىغانچە شەخسلەرگە قەرز بېرىۋەتكەن 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇنى دەرھال قايتۇرغۇزۇپ، دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدىكى مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ھۆكۈمەت پۇلىغا چوڭ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش، ماشىنىغا ئولتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن يېزا باشلىقلىرىنىڭ خىلمۇخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەت پۇلىغا موتسىكلىت سېتىۋالغانلىقىدەك ئىشلارغا قارىتا، روزى ياسىن تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ ئومۇمىنىڭ 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلىنى مالىيىگە قايتۇرغۇزدى. ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ماشىنا سېتىۋالغان تۆت ماشىنىنى پېچەتلىدى، قىزىلسۇ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ مېھمان كۈتۈش چىقىمى ئۈچۈن ئىشلەتكەن 12 مىڭ يۈەن نامۇۋاپىق چىقىمنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار كەنت كادىرىغا تەشكىلىي جەھەتتىن چارە كۆردى ۋە ناھىيە بويىچە كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مېھمان كۈتۈش چىقىمىنى نۆلدە تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

روزى ياسىن يەنە ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە ـ ئورگان، ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردا كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى

تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپلا قالماي، كەسپىي كارخانا ئورۇنلىرىدىمۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، دائىرىنى يېتەكلىدى. بىر يىل ئىچىدە نۇقتىلىق ئورۇنلارنى بەش قېتىم، ئومۇمىي دائىرىنى ئۈچ قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ ۋە ھەرقايسى تارماقلاردىن 193 نەپەر باھالىغۇچى تەكلىپ قىلىپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە تۈزىتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. روزى ياسىن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆزىگە قىبلىنەما قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ھەقىقىي ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىشخانىسىدىن سالاچىلار ئۈزۈلمەيتتى. بەزىدە، قىسمەن باشلىقلارنىڭ «سالام خەت»لىرى كېلىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ سالاچىلارغا سىياسەتنى چۈشەندۈرۈپ، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە ئىش قىلاتتى.

بىر قېتىم روزى ياسىن ئايالى ئىشلەيدىغان ئورۇننىڭ ئون نەچچە مىڭ يۈەن نامۇۋاپىق سېلىق يىغىۋالغانلىقى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىنكاسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئايالى تېخنىكا ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئانكىت توشقۇزۇپ بولغان مەزگىل ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ تەكشۈرۈشكە ئۆزى باردى ھەم راستىنلا 11 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نامۇۋاپىق سېلىقنى ئارتۇق يىغىۋالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئايالى ئۇنى «كۆزىنى قىسىۋېلىش»قا ئۈندەيدۇ. بىراق روزى ياسىن ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ 11 مىڭ يۈەننى تۈزۈم بويىچە دۆلەت مالىيىسىگە تاپشۇرغۇزىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئايالى شۇ قېتىم تېخنىكا ئۇنۋانىنى ئالالمايدۇ.

ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشمۇ روزى ياسىننىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىش ئىدى. ئۇ ئىككى يىل ئىچىدە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ 250 نەچچە خىل، قىممىتى بىر قانچە 100 مىڭ يۈەنلىك ساختا، ناچار تاۋارلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

2002 ـ يىلى روزى ياسىن دېھقانلار بىلەن «ئۈچتە بىللە» بولۇش جەريانىدا يېڭى مەھەللە يېزىسىدا تۈك ھەققىنى ئارتۇق يىغىپ، دېھقانلار سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋېتىش توغرىسىدىكى ئىنكاسىنى ئاڭلاپ، دەرھال مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى خادىملارنى تەشكىللەپ، بىر قانچە كۈنگىچە ئائىلىسىگە قايتماي، 16 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئارتۇق يىغىۋېلىنغان پۇلنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە شۇ يېزىدا ناھىيە بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئارتۇق يىغىۋېلىنغان پۇلنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بەردى. 2002 ـ يىلى 7 ـ ئايدا روزى ياسىن بىر قىسىم دۆلەت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، كوللېكتىپنىڭ پۇلىنى قەرز ئېلىۋېلىپ، ئۇزاققىچە قايتۇرمىغانلىقىدەك ناتوغرا ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ناھىيىلىك ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق جايلاردىن ئادەم تەشكىللەپ، بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە ناھىيە بويىچە ھەممە يېزا ـ بازارلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، 418 نەپەر دۆلەت كادىرىنىڭ 1 مىليون 642 مىڭ يۈەن ھەر خىل قەرزىنى ئېنىقلاپ چىقتى، ھەمدە بۇ قەرزنىڭ 350 مىڭ يۈەنىنى قايتۇرغۇزدى. بىر قىسىملىرىغا قايتۇرۇش مۇددىتى بەلگىلەپ بەردى، قىسمەن دۆلەت كادىرلىرىنىڭ «ئالاھىدە ھوقۇق، ئالاھىدە ئىمتىياز»دىن پايدىلىنىپ، دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىشتەك قىلمىشىنى توسۇپ، كادىرلارنىڭ ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.

روزى ياسىن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەنە شۇنداق ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ كەڭ ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى، پارتىيىنىڭ ئوبرازىنى قوغداپ، ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا، ئۇ تىل ـ ھاقارەت ئاڭلىدى، مەسخىرە قىلىندى. ئەمما، ئۇ ھامان كەڭ ئاممىنىڭ ئۆزىگە توغرا باھا بېرىدىغانلىقى، تەشكىلنىڭ، ئاممىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشەندى. تەشكىل، پارتىيە، خەلق ئۇنىڭ جاپالىق ئىشلىگەن خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «مۇنەۋۋەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىمى»، «كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىلغارى» بولۇپ باھالاندى.(05)

*(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ)*

# قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ـ پۈتۈن يەر شارىدىكى باش قاتۇرىدىغان قىيىن مەسىلە

بېيەن جى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**شۋېتسىيە: ئاكتىپ ئەمگەك مۇلازىمەت بازىرى سىياستىنى يولغا قويغان**

شۋېتسىيە ئەمگەك مۇلازىمەت بازىرى كومىتېتى 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە شۋېتسىيىدە مەملىكەت بويىچە 283 مىڭ نەپەر ئىشسىز بار بولۇپ، بۇ ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 6.5%نى ئىگىلەيدىكەن. بۇ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن چەك.

2001 ـ يىلى شۋېتسىيىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران 12% كۆپەيگەن بولۇپ، مۆلچەرلىنىشچە، 2002 ـ يىلى 15% ئەتراپىدىلا ئاشىدىكەن. لېكىن شۋېتسىيىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى بۇ سەۋەبلىك ناچارلىشىپ كەتمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئىشسىزلىق نىسبىتى تۆۋەنلىگەن. بۇ ئاساسلىقى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان شۋېتسىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر «ئاكتىپ ئەمگەك ـ مۇلازىمەت بازىرى سىياسىتى»نى يولغا قويۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە كەسپىي تەربىيىلەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئىشسىزلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان. شۋېتسىيىدە، نۇرغۇن كىشىلەر ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىگىلىگەن بىلىم ۋە ئىقتىدار زاماننىڭ ئارقىسىدا قالغان ياكى بوش ئورۇنغا ماس كەلمىگەنلىكتىن، ئىشسىز قالغان. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توپ يولى ـ ئىشسىزلارنى كەسىپ جەھەتتىن تەربىيىلەش.

نۆۋەتتە، بارلىق ئىشسىزلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەسىس قىلغان ھەقسىز تەربىيىلەش كۇرسىغا تىزىملىتىسا بولىدۇ. تەربىيىلەش دەرسلىكى ۋە مەزمۇنى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، كىشىلەر تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، ئادەتتە خىزمەت تاپالايدۇ. ھۆكۈمەت يەنە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، كارخانىلارنى ئىچكى قىسمىدا ئۆز ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى كەسىپ جەھەتتىن تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشسىزلار بىلەن ئىشچى ياللاشقا ئېھتىياجلىق ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج يوللىرىنى كېڭەيتتى. ھازىر، ھەرقايسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەر قارمىقىدىكى ئەمگەك ـ مۇلازىمەت كومىتېتلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 30 دىن ئارتۇق كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئورنىنى باشقۇرۇپ ھەم ئىش ئىزدىگۈچىلەرگە ھەرخىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرى ۋە مەسلىھەت سوراش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلازىمىلىق قىلىدۇ، ھەم ئىشچى ياللايدىغان ئورۇنلارنى شەخسلەرنىڭ ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى بارلىق مۇلازىمىلار ھەقسىز بولىدۇ.

ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ھازىر، كىشىلەر شۋېتسىيە ئەمگەك ـ مۇلازىمەت بازىرى كومىتېتىنىڭ تورىغا كىرسىلا، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بوش ئىش ئورۇنلىرى ھەمدە ھەر بىر بوش ئورۇننىڭ كونكرېت تەلىپى ۋە بېرىلىدىغان ھەققى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى سۈرۈشتە قىلالايدۇ. ئىش ئىزدىگۈچىلەر توردا مەسلىھەت سورىسا ۋە خىزمەت ئىزدەش ئىلتىماسىنى سۇنسا بولىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئېپىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە

كەسپ تونۇشتۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن.

ئۈچىنچىدىن، شۋېتسىيە ھۆكۈمىتى كەسپ جەھەتتىن تەربىيىلىگەن ۋە كەسپ تونۇشتۇرغاندىن سىرت، مالىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن ئىبارەت پىشاڭدىن پايدىلىنىپ، كەڭ يول ئېچىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش تەدبىرى ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل:

بىر خىلى، ياللانغان ئىشچىلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى. ھۆكۈمەت كارخانىنىڭ ئۇزاق مۇددەت كەسپ تونۇشتۇرۇش ئورنىدا تۇرۇپ قالغان ئىشسىزلارنى ئىشلىتىشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئۇزاق مۇددەت ئىشسىز قالغانلارنى ياللاپ ئىشلەتمەكچى بولغان كارخانىغا مەلۇم نىسبەتتە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىدۇ، بۇ ياردەم پۇلى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىشچىلارنىڭ بىر قىسىم مائاشى سۈپىتىدە ياللانغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

كارخانا شاگىرت ياللىغاندا، ئالتە ئايغىچە ئۇلارغا ئىش ھەققى بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى دۆلەت بېرىدۇ. بۇ پۇلنىڭ سانى ئىشسىز قالغان شاگىرتلارنىڭ قوتقۇزۇش پۇلى بىلەن تەڭ.

يەنە بىر خىلى، ئىگىلىك تىكلەشكە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى. ئىشسىزلار ئۆزلىرى كارخانا قۇرماقچى بولسا، دۆلەتتىن ئىشسىزلار قوتقۇزۇش پۇلىغا باراۋەر كېلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئالالايدۇ. لېكىن يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان شىركەتنىڭ پىلانى يولغا قويۇشقا بولىدىغان پىلان بولۇشى ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتالايدىغان بولۇشى لازىم.

**ھىندىستان: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئىدارىسى**

مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەردە: ھىندىستان تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىچىدە ئىشسىزلىق نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى 2% كىمۇ يەتمەيدۇ. ھىندىستاندىكى ئەمگەك كۈچى ھەر يىلى 11% لىك نىسبەت بويىچە كۆپىيىۋاتىدۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى 105% لىك سۈرئەت بويىچە ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ دېيىلگەن.

ھىندىستان قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ئاساسەن ھىندىستان ئەمگەك كۈچى مىنىستىرلىقىنىڭ «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئىدارىسى»غا تايانغان. 1945 ـ يىلى قۇرۇلغان «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئىدارىسى»نىڭ ئاساسى، قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدارىسى ئىدى. بۇ ئىدارىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەربىي خىزمەتتىن بوشانغان زور بىر تۈركۈم ھەربىيلەر ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقان باشقا خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى، ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئىدارىسى» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيىلەش ئىشىنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشقا باشلىغان. بۇ ئىدارىنىڭ ئىلگىرى قىلىدىغان خىزمىتى كەسپ تاللىغۇچىلار ۋە ئىشسىزلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى قىلىش، يەنى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى قىلىپ، خىزمەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، بازارغا تاللاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ھىندىستان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ دۆلەت، ھىندىستان ئەمگەك كۈچى مىنىستىرلىقى تەمىنلىگەن ستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھىندىستاندىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانى 410 مىليون بولۇپ، بۇنىڭ 60%ى يېزىلاردا ئىكەن.

ھىندىستاندا، كارخانىلار تەشكىللەش سامەسكە ئىگە كارخانا ۋە تەشكىللەش سامەسكە ئىگە بولمىغان كارخانا دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. ئالدىنقىسى تېلېگراف، تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە، نېفىت قاتارلىق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئاز ساندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كەسپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، بۇنداق كارخانىلارغا ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 7% تىلا قوبۇل قىلىنىدۇ، بۇ كەسپلەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتى بىرقەدەر مۇقىم

بولىدۇ.

تەشكىللەش ساھەسىگە ئىگە بولمىغان كارخانىلار ئىچىدە كىچىك كارخانىلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 93%ى مۇشۇ كارخانىلارغا ئورۇنلاشقان. ھۆكۈمەت كىچىك كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كارخانىلارنىڭ كۆلىمى كىچىك، تىجارەت شەكلى قالاق، خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، يەنە كېلىپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى قامداش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ياللانغان خادىملارنىڭ خىزمىتى ئادەتتە كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

ھىندىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر جەھەتتىن كىچىك كارخانىلارنىڭ قايتىدىن تەشكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، زورىيىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ياردەم بېرىشنى، يەنە بىر جەھەتتىن ئىشسىزلار ۋە ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشنى مۇراجىئەت قىلغان.

ھىندىستان كەسىپ تاللىغۇچىلار ۋە ئىشسىزلارنى ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيىلەشتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ قايىل بولۇشى ياردىمىگە ئېرىشتى. 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ھىندىستاندىكى تۆۋەن، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك ھەرخىل كەسىپ تەربىيىلەش مەكتەپلىرى 4499 غا يەتتى، بۇ مەكتەپلەردە بىرلا ۋاقىتتا 657 مىڭ كىشىنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپ 1700 دىن ئارتۇق، ھىندىستاندا يەنە 900 دىن ئارتۇق ھەرخىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇر پونكىتى ۋە يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 80 دىن كۆپرەكى ئالىي مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان.

تەربىيىلەش مەكتەپلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تەربىيىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئاپىرىپ پراكتىكا قىلدۇرىدۇ. پراكتىكا قىلىش ۋاقتى تەربىيىلەش مۇددىتىنىڭ 70% نى تەشكىل قىلىدۇ. تەربىيىلەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، تەربىيىلەنگۈچىلەر ئاساسەن مۇقىم ياكى ۋاقىتلىق خىزمەت تاپالايدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

(بېشى 29 ـ بەتتە)

بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىپتۇ. ئۇنىڭ بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلىشى بىلەن سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مېيىپ 652 كىشى (قېتىم)غا، كۆزىگە ئاق چۈشۈپ ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق قايتا يورۇقلۇققا ئېرىشكەن بىمار 1350 نەپەرگە، يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردىكى قايتا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن مېيىپ بالا ۋە مېيىپلەرنىڭ پەرزەنتلىرى 232 نەپەرگە يېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئوبلاست بويىچە 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مېيىپلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالەت فوندى يىغىپ، 320 مېيىپنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، 68 مېيىپنىڭ ھۈنەر ـ تېخنىكا ئىگىلىشىگە كۈچ چىقىرىپتۇ. ئۇ نەگە بارسا شۇ يەردە مېيىپلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپتۇ. ئۇ بۇلتۇر ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىغا خىزمەتكە بېرىپ مېيىپلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن 140 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ھەل قىلىپ، 65 مېيىپ ئائىلىسىگە تارقىتىپ بېرىپتۇ، ئالدىن بېيىغان يەككە تىجارەتچىلەردىن 30 مىڭ پىششىق خىش، 11 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە توپلاپ، بەش مېيىپنىڭ ئۆيىنى ئوڭشاپ بېرىپتۇ، نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان 110 مېيىپ بالا ۋە مېيىپلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى قايتا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈپتۇ. ئۇ، بۇ نەتىجىلىرى بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن ئاپتونوم رايون ۋە ئوبلاست بويىچە «مېيىپلەرگە ئىئانە توپلاش ۋە مېيىپلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس»، «مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلىنىپ، مېيىپلەر بىرلەشمىسى، جۈملىدىن قىزىلسۇ ئوبلاستىغا شەرەپ كەلتۈرۈپتۇ. (04)

*(ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ قىزىلسۇدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىدا خىزمەت قىلىدۇ)*

# «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئەسقەر ئېلى

تۈركلەر ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆچمەن قەبىلە ئىدى. ئۇلار ئەڭ بۇرۇن ئالتاي تاغلىرىدا ياشىغان بولۇپ، مىلادى 552 ـ يىلى تۈرك خانلىقىنى قۇرغان. خانلىق تازا روناق تېپىپ گۈللەنگەن دەۋردە، ئۇلارنىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقتە لياۋخەي (ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئەتراپلىرى)گىچە، غەربتە ئارال (كاسپىي)دېڭىزغىچە، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە يەتكەن. مىلادى 582 ـ يىلى، تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش يۈز بەرگەن ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، توختىماي جەڭگى ـ جېدەل قىلىشقان. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى باشقا مىللەتلەرگە تەدرىجىي قوشۇلۇپ كەتكەن. 11 ـ ئەسىردىن كېيىن، چەت ئەللەردىكى بەزى تارىخىي كىتابلاردا «تۈرك»ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن. بىراق، ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى تۈركلەر ئەمەس، ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا تەۋە مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلغان. تارىختا تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولغان ئەمەس.

«تۈركىستان» دېگەن بۇ نام ئەسلى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ نام ئەڭ بۇرۇن مىلادى 6 ـ ، 7 ـ ئەسىرلەردە كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇ پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان ماۋرائۇننەھىردىكى كىچىك بىر پارچە جاينىلا ۋە شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم تۈركلەرنىلا كۆرسىتەتتى. 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ دائىرە كېڭىيىپ ماۋرائۇننەھىرنىڭ زور قىسىم رايونلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. كېيىنكى چاغلاردا، جاھانگىرلار ۋە پانتۈركىزمچىلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغىچە كېڭەيتىپ، ئۇنى باشقا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش، كېڭەيمىچىلىك قىلىش ۋە ئۇ دۆلەتلەرنى پارچىلاشتىكى سىياسىي ۋاستىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاللىقاچان تارىختىن ئۆچكەن «تۈرك»دېگەن نامنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «تۈركىستان» دېگەن ئۇقۇمنى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ــ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاتالمىش «مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش» دېگەن سەپسەتىنى بازارغا سېلىپ، شۇ ئارقىلىق سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستانغا، ئافغانىستانغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ھەمدە چاررۇسىيە بىلەن تەسىر دائىرە تالىشىش ئۈچۈن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى «جەنۇبىي تۈركىستان»دەپ ئاتىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە پامىر ئېگىزلىكىنى چېگرا قىلغان ھالدا، بۇ رايونلارنى «غەربىي تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىدى، «غەربىي تۈركىستان»دېگىنى، ھازىرقى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ «شەرقىي تۈركىستان» دېگىنى، دەسلەپتە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى كۆرسىتەتتى، كېيىن پۈتۈن شىنجاڭنى كۆرسىتىدىغان بولدى. قىسقىسى، «شەرقىي تۈركىستان»دېگەن بۇ ئۇقۇم ھازىرقى كۈندە ھەرگىزمۇ نوقۇل جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى جاھانگىرلار-

نىڭ، زومىگەر دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى تارقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن سىياسىي سۇيىقەستلىك ئۇقۇمدۇر. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر مانا مۇشۇ ئۇقۇمدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ تارىخىنى ئويدۇرۇپ چىقىش، بۇرمىلاش، تارىخىي پاكىتلارنى ئۆزگەرتىش ۋە يوققا چىقىرىشتەك رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ سىرتىدىكى «مۇستەقىل»، «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتى دەۋالغان. «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

20 ـ ئەسىردىن كېيىن بىر جۈپ ئەرۋاھ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن ئەگىپ كېتەلمەي، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ نورمال دىنىي ئېتىقادى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. بۇ بىر جۈپ ئەرۋاھ دەل مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ كېلىۋاتقان پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمدىن ئىبارەت. پانئىسلامىزم «چوڭ ئىسلامچىلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىدىيىنى ئەڭ بۇرۇن ئافغانىستانلىق سەئىد جامالىدىن ئافغانى (1838 ـ 1897) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى سىياسىي جەھەتتىن پارچىلىنىپ كېتىش، بۇنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى — سىياسىي جەھەتتە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى مىللەت ۋە دۆلەت ئايرىماي بىرلىكتە بىر خەلىپىنى ھىمايە قىلىپ، ئىسلام قانۇنى ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش. پانتۈركىزم «چوڭ تۈركچىلىك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1908 ـ ، 1909 ـ يىلى ياش تۈرۈك پارتىيىسى پانتۈركىزمنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتى: بوسپورۇس بوغۇزىدىن ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغىچە بولغان ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرك سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مۇنداق دەپ داۋراڭ سالغان: تۈركلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۈركىستان ۋەتىنىمىز ئەمەس، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز كەڭ دائىرىدىكى بىرلىككە كەلگەن رايون «تۇران»دۇر (بۇ يەردە ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرلىكىنى كۆزدە تۇتىدۇ).

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پانتۈركىزم ئەۋج ئېلىپ، ئۇچىغا چىققان شوۋىنىزمغا ئايلانغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ يەنە فاشىزمنىڭ تۈركىيىدىكى ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ قالدى. ئۇ خەلقئارادىكى پان گېرمانىزم، پانئىسلاۋىزم قاتارلىق ئىدىيىۋى ئېقىملار بىلەن ئوخشاش خىلدىكى نەرسە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇچىغا چىققان بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى ـ شوۋىنىزمدىن ئىبارەت. جاھانگىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، مىللەت، دىن دېگەن نام ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلىش، باشقا دۆلەتلەرنى ئاغدۇرۇش ۋە پارچىلاشتىن ئىبارەت جىنايى مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. «شەرقىي تۈركىستان» ۋە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جاھانگىرلار ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىشىغا، كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن . ئۇ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن بىرلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭ تۈسىنى ئالغان ئەكسىيەتچىل «شەرقىي تۈركىستان» ئىدىيىۋى سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، گېرمانىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭغا ئىشپىيون ، جاسۇسلارنى كىرگۈزگەن. ئۇلار ئوقۇتقۇچى، دوختۇر ۋە دىنىي ئەرباب، سودىگەر دېگەن ناملار بىلەن ئۆزلىرىنى نىقابلاپ، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى كەڭ تارقاتقان. تۈركىيە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، دۆلەت مۇنقەرزگە بوغۇلغاندىن كېيىن، بەزى ئۇنسۇرلار شىنجاڭغا سوقۇنۇپ كىرىپ مەكتەپ ئېچىپ، شىنجاڭدىكى مەسئۇت قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىرلىشىپ، «مىللىتىمىز تۈرك، ئېتىقادىمىز ئىسلام، يۇرتىمىز تۈركىستان» دەپ جار سېلىشقان ھەمدە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» ئۈستىدە داۋراڭ سېلىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا

شىنجاڭدىن ھەج تاۋاپ قىلغىلى چىققان قەشقەرلىك مەشھۇر دىنىي ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ بولۇپ، مىسىر، تۈركىيىلەرنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئېچىش شەكلى ئارقىلىق پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى كەڭ ـ كۆلەمدە تەشۋىق قىلغان ھەم تارقاتقان.

كۆپلىگەن تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «شەرقىي تۈركىستان» ئىدىيىۋى سىستېمىسى پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى ئىدىيىۋى ـ نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان. بۇ ئىدىيە — پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆزگەرگەن تۈرى ۋە ئەكسىيەتچىل، رەزىل ئىدىيىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ شىنجاڭدىكى مەركەزلىك ئىپادىسى، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاشتىكى سىياسىي ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلى. جاھانگىرلار، مۇستەملىكچىلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىزچىل تۈردە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئەكسىيەتچىل بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى ھە دەپ تەشۋىق قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قارىتا سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە تېررورلۇق، زوراۋانلىق، كەڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنى «مۇستەقىل»قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى كۈچەپ تارقىتىپ، سىياسىي جەھەتتە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» ئۈستىدە داۋراڭ سالغان، شۇنىڭ بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى شەكىللەندۈرگەن ۋە كۆپەيتكەن. 1933 ـ يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن پانتۈركىزمچى سابىت داموللا، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دېگەن قورچاق ھاكىمىيەتنى قۇراشتۇرغان. بۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»بايرىقىنى تۇنجى قېتىم كۆتۈرۈپ چىقىشى ئىدى. ئۈچ ئايلا داۋام قىلغان بۇ قورچاق ھاكىمىيەت ھالاك بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن كەشمىر ۋە ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق جەمئىيىتى» قۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»دېگەن يالغان تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقارغان. ئۇنىڭدا: «شەرقىي تۈركىستان» 10 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇيغۇرلار بۇ زېمىندىكى ئاساسلىق مىللەت، بۇ زېمىندىكى خەلقچىلىق ھوقۇقى بىزدە، باشقا مىللەتلەر بولسا، باشقا جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن، ئۇلاردا خەلقچىلىق ھوقۇقى بولمايدۇ، دەپ جۆيلىگەن. ئۇ خىنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خىنزۇلارنى چەتكە قېقىش بىلەنلا قالماي، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگىمۇ قارشى تۇرغان ۋە ئۇلارنى يەكلىگەن. شىنجاڭ تارىخىنى ساختىپەزلىك بىلەن ياساپ چىققان، بۇرمىلىغان، شۇ ئارقىلىق ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش خام خىيالىدا بولغان.

شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. قەدىمدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى مۇشۇ كەڭ ۋە مۇنبەت زېمىندا ياشاپ كەلگەن، بىرلىكتە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقى ھەم بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىمىز تېررىتورىيىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش يولىدا تىز پۈكمەستىن باتۇرانە كۈرەش قىلغان. كەڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى كۈرەشلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرىشىدە تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگۈسى. (06)

*(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى سىياسىي بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدۇ)*

# قوينى دورا بىلەن ئىلمىي يۇيۇندۇرۇش



دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇش ـ قويچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى بىر مۇھىم ھالقا. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، تېرە تېشىدىغان قوتۇر كانىسىنى ئۆ- ئۈملۈك يوقىتىپ، قوينىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرغىلى ۋە يۇڭىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**1. يۇيۇندۇرۇش ۋاقتى:** ئەڭ ياخشىسى قوي- نىڭ يۇڭىنى قىرقىپ بولغاندىن كېيىن يەتتە كۈندىن ئون كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا يۇيۇندۇرۇش مۇۋاپىق بولىدۇ. بەك بالدۇر بولۇپ كەتسە ياكى بەك كېچىكىپ كەتسە، دورا سۈيۈقلۇقى تېرىگە يەتمەي قېلىپ يۇيۇندۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇش ھاۋا ئوچۇق، شامال يوق، ئىسسىق كۈنلەرنىڭ ئەتىگىنى ئېلىپ بېرىلىشى، يۇيۇندۇرۇش ۋاقتى ھېچبولمىغاندا بەش مىنۇتتىن كەم بولماسلىقى لازىم. يۇيۇندۇرۇش ۋاقتى بەك قىسقا بولۇپ قالسا، تېرە قوتۇر كانىسىنى يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

**2. دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇش ئوبيېكتى:** چوڭ قوي بىلەن كىچىك قوينى ئايرىپ يۇيۇش لازىم. كېسەل، جاراھەتلەنگەن ۋە ھامىلدار بولغىنىغا ئىك- كى ئايدىن ئاشقان قويلارنى ۋاقتىنچە دورا بىلەن يۇيۇندۇرماسلىق لازىم. تېرە تېشىدىغان قوتۇر كا- نىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان قويلارنى دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇپ بولۇپ، ئارىدىن ئون كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ دورا بىلەن يەنە بىر قېتىم يۇيۇندۇ- رۇش لازىم.

**3. دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇشنىڭ تەييارلىقلى- رى:** دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇشتىن سەككىز سائەت ئىلگىرى يەم بېرىشنى توختىتىش لازىم. دورا بى- لەن يۇيۇندۇرغاندا، دورا سۈيىنى ئىچىۋالماسلىقى ئۈچۈن، قويلارنى يۇيۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى يېتەر- لىك سۇ ئىچۈرۈش لازىم. دورا سۈيۇقلۇقىنى تەڭ- شەپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئاجىز بىر قانچە قوينى يۇيۇپ كۆرۈپ، باشقىچە ئەھۋال كۆ- رۈلمىسە، ئاندىن باشقا قويلارنى يۇيۇندۇرۇش كې- رەك.

**4. يۇيۇندۇرۇش تەرتىپى:** يۇقۇملىنىپ قې- لىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ساغلام قويلارنى يۇيۇندۇرۇش، ئاندىن تېرە تېشىدىغان قو- تۇر كانىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان قويلارنى يۇيۇندۇرۇش كېرەك.

**5. دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇش تاماملانغاندا:** قويلارنى سالقىن جايغا ئاپىرىپ، 6 ـ 5 سائەت دەم ئالدۇرۇش، قويلارنىڭ بىر يەرگە تىقىلىپ قېلىشى- دىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

دورا بىلەن يۇيۇندۇرۇشتا كۆپرەك ئىشلىتىلى- دىغان قۇرۇت ئۆلتۈرۈش دورىلىرى: شۇاڭجيامى دورىسىدىن 0.2% ~ 0.24%؛ ترى خلوروفوندىن 0.5% ~ 10%؛ لىگدەن سۇتسىمان مايلىق دورى- دىن 0.025% ~ 0.03%؛ يىگدۇلىن سۇتسىمان دو- رىدىن 0.05%.(05)

# دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى روناق تاپقۇزۇشتا «ئون ئۆتكەل»دىن ئۆتۈش لازىم

**1. سورت ئۆتكىلى.** دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سورتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، سۈپىتى، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى، سۈپىتى ئەلا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان داڭلىق، ئەلا، يېڭى سورتلارنى تاللاش لازىم.

**2. ئۇچۇر ئۆتكىلى.** بۈگۈنكى كۈندە، بازار ئۇچۇرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىدىكى مۇھىم شەرت بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بازار ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا، توغرا ئىگىلىگەندە، ئاندىن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازار تاپالايدۇ.

**3. كۆلەم ئۆتكىلى.** دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى مۇۋاپىق كۆلەم شەكىللەندۈرگەندە، ئاندىن مەلۇم بازار پەيدا قىلالايدۇ.

**4. ئۈنۈم ئۆتكىلى.** دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى دېھقانلارنىڭ كىرىمىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. مانا بۇ، كەڭ دېھقانلاردىن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش تېخنىكىسى ۋە ئەسلىھەسىنى تاللاش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**5. مەھسۇلات نامى ئۆتكىلى.** دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ياخشى مەھسۇلات نامى يارىتىشقا موھتاج بولىدۇ. نۇرغۇن جايلار دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار ماركىسىنى بەرپا قىلىپ، رويخەتكە ئالدۇرۇپ، مەھسۇلات نامىنىڭ داڭقىنى چىقاردى. مۇشۇ مەھسۇلات ناملىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرىشىدىكى يول خېتى بولۇپ قالدى.

**6. تەشۋىقات ئۆتكىلى.** بۈگۈنكىدەك ئۇچۇر جەمئىيىتىدە، ئېلان تەشۋىقاتىنى كۆپرەك ئېلىپ بارغاندا، ئاندىن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ داڭقىنى چىقىرىپ، ئۇنى ئوڭۇشلۇق ھالدا بازارغا ئەكىركىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ھەرقانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەرنىڭ بىلمەسلىكى، چۈشەنمەسلىكى تۈپەيلىدىن ياخشى سېتىلماي قالىدۇ.

**7. يېڭى پېتىچە ساقلاش ئۆتكىلى.** كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ھەۋىسىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېڭى بولۇشىغا قويىدىغان تەلىپىمۇ يۇقىرى بولماقتا. يېڭى پېتىچە ساقلاش تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلانغاندا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**8. قاچىلاش ـ ئوراش ئۆتكىلى.** ئىستېمال قارىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ سىرتقى ئورالمىسىنىڭ سۈپىتىگىمۇ دىققەت قىلىدۇ. ھازىر نۇرغۇن جايلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك تاغار، سېۋەتلەرگە قاچىلاش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا، مۇنداق بولغاندا، مەھسۇلات ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ ياخشى باھاغا ساتقىلى بولمايدۇ.

**9. پىششىقلاپ ئىشلەش ئۆتكىلى.** دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر ھەم نەپىس قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش — ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش، بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىش ۋە بازاردا ئىگىلەيدىغان نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاسىتە. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى مىقدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش مۇھىم ئورۇندا تۇرىۋاتىدۇ.

**10. تەننەرخ ئۆتكىلى.** تەننەرخنى چۈشۈرۈش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە ئوخشاش دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىز بولۇشى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان چوڭ مەسىلە بولماقتا. بۇنىڭدا مۇنداق ئاساسلىق ئىككى يول بار: بىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروتقا كېتىدىغان راسخوتنى تۆۋەنلىتىش؛ يەنە بىرى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ياكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئەمگەك ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش. (05)

## كېپىنەك بىلەن پەرۋانىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟

كېپىنەك بىلەن پەرۋانە قانداشلىق مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان بىر جۈپ «ئاچا ـ سىڭىللار» بولۇپ، ئۇلار سىرتىدىن قارىغاندا بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئىنچىكە كۆزەتكەندە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ ئىككى تۈردىكى ئوخشاش بولمىغان ھاشارەتلەرنى ئايرىش ۋاقتىدا، بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ ئانتېننىسىغا قاراش كېرەك. كېپىنەكلەرنىڭ ئانتېننىسى توقماق شەكىللىك بولۇپ، ئانتېننىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى تومراق، كۆپكەن بولىدۇ. ئەمما، پەرۋانىنىڭ ئانتېننىسى يىپسىمان، تارغاقسىمان ياكى يايسىمان شەكىللىك بولىدۇ، توقماق شەكىللىك بولمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ قورساق قىسمىغا قاراش كېرەك. كېپىنەكنىڭ قورساق قىسمى ئادەتتە ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ، ئەمما پەرۋانىنىڭ قورساق قىسمى توم، يوغان كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئۇلارنىڭ تىنچ تۇرغان ۋاقتىدىكى قانىتىنىڭ ھالىتىگە قاراش كېرەك. كېپىنەكنىڭ دۈمبىسىدىكى ئىككى تال قانىتى ئادەتتە تىك ھالەتتە بولىدۇ، ئەمما پەرۋانىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئىككى تال قانىتى يېيىق تۈز ھالەتتە بولىدۇ، بۇنى كېپىنەك بىلەن پەرۋانىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەزاسىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ تۆتىنچىسى، ھەرىكىتىگە قاراش كېرەك. كېپىنەك ئادەتتە كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدۇ، ۋەھالەنكى، پەرۋانىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەچتە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان يورۇقلۇققا ئىنتىلىشچانلىقى بولغاچقا، دائىم چىراغ ياكى ئوتقا سوقۇلۇپ تۇرىدۇ.

## پاشا نېمە ئۈچۈن قارا كىيىملىك كىشىلەرنى چېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟

پاشىنىڭ باش قىسمىدا بىر جۈپ چوڭ كۆزى بولۇپ، باش قىسمىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ كۆز نۇرغۇن كىچىك كۆزلەردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، مۇرەككەپ كۆز دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل مۇرەككەپ كۆز جىسىملارنى پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئوخشاش بولمىغان رەڭلەر ۋە ئوخشاش بولمىغان كۈچلۈكلۈكتىكى يورۇقلۇقنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. پاشىلار كۆپىنچە ئاجىز يورۇقلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ، پۈتۈنلەر قاراڭغۇ ياكى كۈچلۈك يورۇقلۇقنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەلۋەتتە پاشىلارنىڭ تۈرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ياخشى كۆرىدىغان نۇرنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئېدېس پاشىسىنىڭ كۆپىنچىسى كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەمما كۇلېكس پاشىسى ۋە ئانوفېلېس پاشىسىنىڭ كۆپىنچىسى گۇگۇم ياكى تاڭ سەھەردە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەيلى كۈندۈزى ياكى كەچتە ھەرىكەت قىلىدىغان پاشىلار بولسۇن، كۈچلۈك نۇردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدىغان ئېدېس پاشىسىمۇ چۈشتىن كېيىن سائەت 4 ـ 3 لەردە ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ.

قارا كىيىم كىيگەن ۋاقتىمىزدا كىيىمدىن قايتقان نۇر تۇتۇق بولغاچقا، پاشىنىڭ ياشاش ئادىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەكسىچە، ئاق رەڭلىك كىيىمدىن قايتقان نۇر كۈچلۈكرەك بولغاچقا، پاشىغا نىسبەتەن قاچۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن قارا رەڭلىك كىيىم كىيگەنلەر ئاق رەڭلىك كىيىم كىيگەنلەرگە قارىغاندا، پاشا چېقىۋېلىش تەھدىتىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئۇچرايدۇ. (04)

(«يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» دىن)

# دىن بىلەن مىللەتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

مىللەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتى ھەم پەرقلىق، ھەم باغلىنىشلىق بولىدۇ.

مىللەت كىشىلەر تارىختا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، مۇقىم بولغان بىر ئورتاق گەۋدە بولۇپ، ئۇ تارىخ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. دىن بولسا، بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلى بولۇپ، ئۇستقۇرۇلمىغا تەۋە. مىللەتنى ھاسىل قىلىدىغان تۆت مۇھىم ئامىل: ئورتاق رايون، ئورتاق تىل، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش، شۇنىڭدەك ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخىك ساپا. دىننى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل بولسا، دىنىي قاراش، دىنىي كەچۈرمىش، دىنىي ھەرىكەت ۋە دىنىي تۈزۈلمە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەت بىلەن دىن خاراكتېرى ئامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم، دىن مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىل ئەمەس، بىر مىللەت بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ بولىدۇ ياكى ئوخشاش بىر مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە خىل دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، لېكىن دىنىي ئېتىقادتا قانداقلا ئۆزگىرىش بولسۇن، كىشىلەر تارىختا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، مۇقىم بىر ئورتاق گەۋدە بولغان مىللەت ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تارىختا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىپتىدائىي دىن، شامان دىنى، ئاتەش دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، نىستورى دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلغان، 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن بىر تۇتاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. خەنزۇلاردا ئەزەلدىنلا بىر تۇتاش دىنىي ئېتىقاد شەكىللىنىپ باقمىغان، ھازىر يەنىلا بۇددا دىنى، داۋجياۋ (تەرىقەتچىلىك) دىنى، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىر خىل دىنغا بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن مىللەتلەر ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، بۇ مىللەتلەرمۇ ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىق تۈپەيلىدىن بىر مىللەت بولۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق ئون مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇلار دىن بىلەن مىللەتنىڭ بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىللەت بىلەن دىننىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتى بار. مىللەت ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ئۇرۇقداشلىق، قەبىلە باسقۇچى ئارقىلىق مەدەنىي دەۋرگە كىرمەكچى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا شەكىللەنگەن. دىن بولسا، قەبىلە ۋە مىللەتتىن ئىلگىرى، ئىنسانلار تېخى جاھالەت دەۋرىدە تۇرغان، قەبىلە تېخى شەكىللەنمىگەن ۋاقىتتىلا شەكىللەنگەن. مىللەت بىلەن دىننىڭ تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش يولىمۇ ئوخشىمايدۇ. مىللەت جەمئىيەتنىڭ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ، ئىنسانلار كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەر تەدرىجىي تۈگەيدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، مىللەتمۇ تەبىئىي ھالدا يوقىلىدۇ. دىن بولسا، جەمئىيەت تەرەققىياتى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئاجىزلايدۇ ـ دە، ئاخىرى تەبىئىي ھالدا يوقىلىدۇ.

مىللەت بىلەن دىن يەنە مەلۇم باغلىنىشقىمۇ ئىگە. دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇ بىر خىل ئېتىقاد بولغاچقا، ئادەمنى ۋاسىتە قىلىدۇ، ئادەم بولسا ھامان مەلۇم بىر كونكرېت مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. دىن يەنە كېلىپ بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، بىر مىللەت مەلۇم بىر دىننى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا شۇ دىننىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى شۇ دىن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دىن ئېڭى مىللەت ئېڭىغا سىڭىپ كىرىپ، دىن مەدەنىيىتى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ، دىنىي رەسىم ـ قائىدىلەر كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى چەكلەيدۇ، بەزىلىرى بولسا، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا مىللەتلەر مەسىلىسى بىلەن دىن مەسىلىسى ھەمىشە ئارىلىشىپ كېلىپ، بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

مىللەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش نەزەرىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىدۇر. ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەم مىللەتلەر مەسىلىسى بىلەن دىن مەسىلىسىنى پەرقلەندۈرۈش، ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرۈپ يېتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.



◄ چاغانتوقاي ناھىيىسى ئالتۇن ئېمىل يېزا جاڭما بۇلاق كەنتىنىڭ چارۋىچىسى تۆلىگەن تاكەن (قازاق) پارتىيە-نىڭ يېزا، قىشلاقلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى ئە-مەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقنى قوغداش، ياش-لارنى پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئۈيۈشتۈرۈش، ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە ئۆزى-نىڭ پارتىيە ئەزاسىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى ۋە گەۋدىلىك ئىش ـ ئىزلىرى ئارقىلىق ناھىيە ، ۋىلايەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، «بېيىش ماھىرى» ، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

چاغانتوقاي ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى



◄ خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى كې-سەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچى سەجەپ (موڭغۇل) 1975 ـ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتې-تىنى پۈتتۈرۈپ داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەر مىل-لەت بىمارلىرى ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قى-لىپ، قويغان دىئاگنوزىنىڭ توغرىلىقى، مۇئامىلىسى-نىڭ ياخشىلىقى، ئۈچ خىل تىلنى بىلىشتەك ئالاھىدى-لىكى بىلەن داۋالاش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەت-چى» ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ تەقدىرلىنىپ كەلدى.

تۇردى ئەبەيدۇللا خەۋىرى ۋە فوتوسى



◄ شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە قاراشلىق ليۇداۋان كۆمۈر كېنى ئىلىك قۇ-دۇق باللار باغچىسىنىڭ باللىقنى تۇرمۇشتا ماموۇت كى-چىك نوتىلارنى ئىقلاشنى ، ئۇسۇلنى ۋە ھەممىسىنى جە-ھەتتىن تەربىيەلىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. شۇڭا ئۇ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، گۇرۇھنىڭ شەھىرى، شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى ۋە ليۇداۋان كۆمۈر كېنى تەرىپىدىن «باللار باغچىسىدىكى يېڭى يۇلتۇز»، «مۇ-نەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئېزىزجان خۇدا بەردى خەۋىرى ۋە فوتوسى



قاناستا ياز

يەن شەن فوتوسى

ژۇرنال نومۇرى : ISSN1002—9451 / CN65—1002/Z

( 维文版 )

ئېلان چىقىرىش كىنىشكا نومۇرى : 6500006000115

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 42 _ 58 باھاسى : 3.00 يۈەن